يۈسۈپ قەرزاۋى

# ظعسلام تةربعيعسع

# التربية الإسلامية

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە....2
تەرجىماندىن بىر نەچچە سۆز....3
كىرىش سۆز....6
رەببانىيەت (ئاللاھنى تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان ئىلاھى تەربىيە) ....16
مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بولۇش ....52
ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئىنساندىكى ئەقلىي تەرەپكە بولغان قارىشى ....54
ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئەخلاققا بولغان قارىشى ۋە تەربىيىسى ....68
ئىسلام تەربىيىسىنىڭ بەدەنگە بولغان تەربىيە تەرىپى ....91
ئىسلام تەربىيىسىنىڭ جىھادقا بولغان تەربىيە تەرىپى ....94
ئىسلامنىڭ جەمئىيەتكە قاراتقان تەربىيىسى ....121
ئىسلام تەربىيىسىنىڭ سىياسىيغا بولغان تەربىيە تەرىپى....127
**3 ـ ھالقىلىق ئاساس** ....157
ئىجابىيلىق ۋە بىناچانلىق....169
ھەر ئىشتا نورمال يول تۇتۇش ۋە ئۆلچەملىك بولۇش ....195
جەمئىيەتكە نەزەر سېلىش ۋە ئۇنىڭ مۇھىتنى بەلگىلەشتىكى نورماللىقى ....214
ھەسەنۇل بەننانىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىشتىكى مەيدانى ....222
ۋەتەننى سۆيۈش ئاساسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ....222
ئەركىنلىك ۋە غالىبلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ....224
جەمئىيەتنى (يەنى بىرلىكنى) ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك....225
ئازادلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ....226
گورۇھۋازلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك....226
بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ چەك ـ چېگراسى ....228
بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ غايىسى ....229
كىشىلەرنىڭ ئىسلامى دەۋەتكە تۇتقان مەيدانىنىڭ بىر نەچچە خىل ئىكەنلىكى ....231
قېرىنداشلىق ۋە ئۆملۈك....233
خاتىمە ....245

www.munber.org

# تەرجىماندىن بىر نەچچە سۆز

قەدىرلىك كىتابخان! سىز مۇسۇلمان بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىز ئېتىقاد قىلغان، ئىخلاس قىلغان ۋە مېنى بەندىگە بەندە بولۇشتىن قۇتقۇزىدىغان، ئىنسانىي ھۆرمىتىمنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە بىردىنبىر نىجاتچىم بولغان، بارلىق نەرسەمدىن ئەزىز بولغان ئېتىقادىم «ئىسلام دىنى» دەپ چۈشەنگەن ئۇلۇغ ئېتىقادىڭىز ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشنى ۋە ئۇنىڭ تەربىيىسى بويىچە تەربىيىلىنىشنى خالايسىز ئەلۋەتتە.

سىز ئەقىللىق ئىكەنسىز. ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر ئېتىقادنى ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى ئۇنىڭ تېگى ـ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ جەزمىيەت ئاساسىدا ئېتىقاد قىلمىسا، ئۇنداق ئېتىقادنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدا رەھبەر بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز.

ئىسلام دىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر بىر شەخستىن چۈشىنىش ئاساسىدا ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈشىنىش ئۈچۈن تەربىيە كېرەكلىكى ھەممىگە مەلۇم بىر مەسىلە.

بىزلەردىكى ئەڭ يامان ئىللەت شۇكى: ئىسلام دىنى تەربىيىسى يوق دېيەرلىك، تەربىيە قىلغاندىمۇ بىر تەرەپلىمە، چەكلىك تەربىيە قىلىنغاچقا «ئىسلام دىنى» دېگەن سۆز تار رامكا ئىچىدە چۈشەنچە بېرىدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادىنى مۇكەممەل ئادا قىلىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش تەرەپتىمۇ زور

www.munber.org

چىكىنگەن. شۇڭا بىز سىزدىن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئېتىقادىڭىزنى ئەتراپلىق چۈشىنىشكە تىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئىسلام تەربىيىسى» ناملىق كىتابتا، مىسىردىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا، ئىسلام دىنىنىڭ تەربىيە تەرەپلىرى بىر قەدەر ئىخچام، خام ماتېرىيال بولۇش سۈپىتىگە ئىگە بىر هالدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

ئىسلامدا ئوتتۇرىچىلىق ۋە سولچىللىقتىن ساقلىنىپ، پايدا بىلەن زىياننى سېلىشتۇرۇپ ئەتراپلىق بولۇشقا پايدىسى يېتەر دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە جەھەتتە كۆپ ئېھتىيات قىلىنغان بولسىمۇ، سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى، ئۆزەمنىڭ ئەرەب تىلىنى سىرتتىن ئۆگەنگەنلىكىم، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقىم ھەم كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا بىلىمىگە ئەمەس، قىزغىنلىقىمغا تايانغانلىقىم ئۈچۈن، كۆپ خاتالىق بولۇشى تەبىئىي بىر ئەھۋال.

ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپمۇ دىنىي ئوقۇغۇچىلاردىن تەلىۋىم شۇكى: خاتالىقلىرىنى مەئزۇر تۇتسا، ئىلىملىك قېرىنداشلىرىم بۇ كىتابنى ئاساس قىلغان هالدا تېخىمۇ كېڭەيتىپ، پايدىلىق رىسالىلەرنى (ھەر جەھەتتە ئالاھىدە كېڭەيتىپ) يېزىپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا سۇنسا دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

ئاللاھ خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ ئۆز پەزلى بىلەن مەرھەمەت قىلغاي! ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ھەققىدە قايغۇرىدىغان ۋە پايدىسى ئۈچۈن

www.munber.org

سەئى قىلىدىغان، ھەقىقىي نامغا لايىق «مۇسۇلمان» ئاكا ـ ئىنى، ھەدە ـ سىڭىللارنىڭ تېلىكىنى ئىجابەت قىلىپ مەقسىتىدەك ھايات ئاتا قىلغاي!

قەدىرلىك دوستۇم! قولىڭىزدىكى بۇ رىسالىنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىشقا لاياقىتى بار ـ يوقلىقىنى، سىزنى ئېتىقادىڭىزدا تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلغۇدەك سالاھىيىتى بار ـ يوقلىقىنى كىتابنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ بەرسۇن.

توغرا يولغا باشلاش ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى.

ھىدايەت تەلەپ قىلىش ـ قىلماسلىق سىزنىڭ ئەقلىڭىزنىڭ ھوقۇقى.

ئاللاھدىن سىزگە كۆپ بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز.

ئاللاھ بىزگە تەۋپىق ـ ھىدايەت ئاتا قىلسۇن!

ئاللاھ بىزگە ھەقىقىي ئىمان، سۇنماس ئىرادە، قەيسىرانە روھ ئاتا قىلسۇن! ئامىن! ئامىن! ئامىن!

www.munber.org

# كىرىش سۆز

قەدىرلىك كىتابخان! سىز ئاللاھ بىزلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن قۇرۇق ـ قاقاس زېمىن ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرۇپ، شۇندىن كېيىن زېمىن ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىپ تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر بىلەن يېشىللىققا پۈركىنىدىغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ئۈممىتى ھىجرىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ باش يېرىمىدا ۋە (مىسىردىكى) «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ھەرىكىتى مەيدانغا چىقىش ئالدىدا، ئىسلام ئەقىدىسى بايرىقى ئاستىغا تويلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان ئىسلام ھاكىمىيىتى يېقىلدى، ئىسلام مەملىكەتلىرى ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە باشقا تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى ئارىسىدا قاتتىق پارچىلىنىپ ھالىدىن كەتتى، ھەتتاكى، بىر نەچچە مىليۇنلا نوپۇسقا ئىگە گوللاندىيە يۈز مىليون ئەتراپىدا نوپۇسى بار ھىندونېزىيەگە ھاكىمىيەت ئورناتتى، ئىسلام ھۆكۈملىرى بىكار قىلىنىپ، قۇرئان ئەمەل قىلىنماي تاشلاندۇق ھالەتكە كېلىپ قالدى، تۈزۈلمە قانۇنلار، غەربچە تەقلىدلەر، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تۈرلۈك شەكىللىرى مۇسۇلمانلار ھاياتىغا ھۆكۈم سۈرۈپ خوجايىنلىق ئورنىغا ئۆتتى. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولغىنى يوق.

مانا بۇ ئەھۋال، كاپىر مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىمگە يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن

www.munber.org

ئالـدىغان تەسـىرى ئـەھۋاللىرىغا نـازارەت قىلىۋاتقانلىقىنىـڭ نەتىجىسـى ئىـدى. شـۇنداق قىلىـپ ئـۆزىنى مۇسـۇلمان ئاتايـدىغان، ياۋرۇپاچە ئـەقىل يۈرگـۈزىدىغان بىـر دەۋر ئادەملـەر مەكتـەپ پـۈتتۈرۈپ چىقتـى. ئىچكـى قۇللـۇق ھالـىتىـدىن پەيدا بولغـان يۇقىرىقىـدەك بۇزۇلـۇش، چىكىـنىش ۋە چۈشـكۈنلۈك زامانلىرىنىـڭ يالدامىسـى سۈپىـتىـدە مۇسـۇلمانلار ئىچىـدە ئـەۋج ئالغـان بۇزۇلۇشـقا قوشـۇلۇپ «كۆتىـرەلمىسـەڭ ساڭگىـلىتىۋال» دېگەندەك بىر ھالەت شەكىللەندى.

قۇرئاننى قوغداشقا، ئىسلامنى ئەبەدى ساقلاشقا ۋە شۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنـى پـۈتۈن دىنلـەردىن ئۈسـتۈن ۋە غالـىب قىلىشـقا كېپىـل بولغـان ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىگە ياشلىقنى يېڭىلاپ بېرىشنى، مۇشۇ ئىسلام مىللىتىنىـڭ قـۇرۇپ قالغـان جەسىدىگـە روھنـى يېڭىـدىن قايتـۇرۇپ بېرىشـنى خالىغـانلىقى نەتىجىسـىـدە «مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار» چـاقىرىقى بارلىققـا كەلـدى. بـۇ شەرەپـلىك چـوڭ ھەرىكـەتنى تەسـىس قىلغۇچى ھەسەنۇل بەننا ئىدى. بۇ تەشكىلات مەيدانغا كەلگىنىگە 50 يىـل بولـدى. بـۇ 50 يىـل جەريانـىدا ئاشـۇ ھەرىكـەت ئۆزىنىـڭ كۆپلىگـەن تەسـىر ۋە ئۆچمەس ئىزلىرىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى تەرەپلىرىدە، ھەر ئورۇن، ھەر مەيداندا قالدۇرۇپ ماڭدى.

مـەن بـۇ كىتـابنى «مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار» ھـەرىكىتىنى، ئـۇ ھەرىكەتنىڭ مىسىر، ئەرەب ۋە پۈتۈن ئىسلامىيەت ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئـۇ تەسىرنىڭ يۈكسەك دەرىجىسىنى تارىخ ئاساسىدا يېزىپ چىقماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى بۇنداق چوڭ ھەرىكەت نەتىجىسىنى يېزىپ چىقىش بىلىم ئىقتىدارى ئۈستۈن ۋە باشقا شارائىتلار تولۇق بولغان

www.munber.org

تەقدىردىمۇ بىر شەخسكە نىسبەتەن ناھايىتى قىيىن ئىش. ئۇ بولسا ھازىرغا قەدەر بۇشاڭلىق قىلىپ كىلىۋاتقان جامائەتچىلىكنىڭ بۇرچى. گەرچە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ھەر زاماندا زەربىلەر ئۇزۇلمەي كىلىپ تۇرسىمۇ، بۇنداق زەربىلەر جامائەتچىلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىدىغان ياكى قىسمەن ئازايتالايدىغان بىر پۈتۈن ئۆزرە ھىسابلانمايدۇ.

مەن بۇ كىتابتا پەقەت ئەشۇ چوڭ ھەرىكەتنىڭ بىر نەچچىلىگەن تەرەپلىرى ئىچىدىن تەربىيە تەرىپىنىلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» چۈشەنگەن ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان پېتى بويىچە يازماقچىمەن.

مەن تەربىيە توغرىسىدا ئەتراپلىق، بەك كېڭەيتىپ سۆزلىمەكچىمۇ ئەمەس. پەقەتلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ ئىلىپ بارغان تەربىيىسى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇ تەربىيەنى روھى تىرىك كىشىلەردە ئەكس ئېتىدىغان ئەمەلىي مەيدانغا ئىلىپ چىقىش يولىدىكى غەيرەتلىرى قاتارلىقلارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇھىم نىشانلىق تەرەپلىرىنىلا سۆزلەشكە كۇپايە قىلىمەن.

تەتقىق قىلغۇچى ياكى نازارەت قىلغۇچىغا ئاشكارا تۇرغان ھەقىقەت شۇكى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ھەرىكىتى ـ دەسلەپتىلا ئىسلام تەربىيىسىنى ھەقىقىي ئەمەللەشتۈرگەن، ئۇلگە بولۇشقا لايىق بىر مەكتەپ ھالىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. ھەمدە ئىسلام تەربىيىسى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم نوقتا: ئىسلامنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان، ئىسلامغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغان، ئۆزى ۋە قېرىنداشلىرى ئىسلام يولى بىلەن پائالىيەت ئىلىپ بارىدىغان، ئىسلامنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام

www.munber.org

قانۇننى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام قانۇننى كۈچكە ئىگە قىلىش ۋە ئىسلام مىللىتىنى بىر پۈتۈن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر.

ئىسلام تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى خەلق ئەخلاقىدا كۆرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئامىلنىڭ بولۇشى لازىم.

1. جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، ھەقىقىي يارامىلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى ئىسلام تەربىيىسى ئىكەنلىكىگە مۇستەھكەم ھالدا ئىشىنىش.

جامائەت ئەربابى، مەشھۇر يولباشچى، شەھىد ھەسەنۇل بەننا تەربىيە يولىنىڭ ئارىلىقى يىراق، نىشان مەنزىلى ئۇزۇن، مۇشەققىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، بۇ تەربىيە يولىنىڭ ئۇزۇن ـ جاپالىق تۇرمۇشىغا كەسكىن ئىرادىلىك ئادەملەردىن باشقىسى چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندى. جاپالىق بولغانلىقى ئۈچۈن تاشلاپ قويسۇنمۇ؟ لېكىن بۇ زات يەنىلا تەربىيە يولىنىڭ ھەقىقەتكە يەتكۈزگۈچ بىرلا يول ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا پەقەت يول يوقلىقىنى، بۇنىڭ ئورنىدا تۇرالايدىغان باشقا يولنىڭ ھەم يوقلىقىنى، بۇ يولدىن ماڭماي تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى، بۇ يولنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭغان يول ئىكەنلىكىنى، شۇ يول ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا ئۆلگە، بىر زامان تەربىيىچى كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، بۇ بىر زامان ئادەملىرىنى دۇنيا كۆزى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن مىللەت تەربىيىسى، مىللەتنىڭ ھەق ـ ياخشىلىق تەرەپكە مېڭىشى

www.munber.org

قاتارلىقلارغا يولباشچىلىق قىلغانلىقلىرىنى بىلىپ يەتكەندى.

2. مۇئەييەن نىشان، توغرا قەدەم، مەنبەلىرى مەلۇم، ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل، تۇرلۇك ئۇسلۇبقا ئىگە، ئىسلامدىنلا ھاسىل قىلىنغان، مەزمۇنلىرى ئۇقۇملۇق، ئوچۇق پەلسەپە ئاساسىغا قۇرۇلغان تەربىيە پروگراممىلىرى بولۇش لازىم.

3. ئىقتىدارلىق جامائەتتىن تەركىب تاپقان بىر تەشكىلىي ھەيئەت بولۇشى، شۇ ھەيئەتتىكىلەرنىڭ مۇسۇلمان دوستلىرىغا ئىسلامچە ھاياتتا ياشاشقا ياردەم بېرىشى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان بولۇشى لازىم. بۇ ياردەم ئىنسانغا لايىق مەنىۋى تىرىكلىك (روھى جۇشقۇن، غەيرەتلىك)، ئەقىدە، ئەخلاق جەھەتتە ئۆلگىلىك، ۋىجدانىي جەھەتتە ۋە ئەمەلىيەتتە ھەمىشە بىرلىكتە ياشاش روھى... قاتارلىق يول ئارقىلىق بولۇشى كېرەك. ئىنسان ئۆزى يالغۇز يوق دېيەرلىك، پەقەت قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپ ھېسابلىنىدۇ. يالغۇزلۇق ـ ئاجىزلىق، پەقەت بىرلىك بىلەن، كۆپچىلىك بىلەن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئىتتىپاقلىق ـ بىرلىك دېگەن؛ ياخشىلىققا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان، گۇناھ ۋە رەزىللىكتىن ساقلايدىغان چوڭ كۈچتۇر. «جامائەتچىلىكتە ئاللاھنىڭ ياردىمى بار». «بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ».

4. ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئىقتىدارلىقى، ئاڭلىق ئىلمىلىكلىكى ۋە ھەممە ئەھۋالنى كۆزىتىپ يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقى بىلەن تەربىيەچى بولغان بىر رەھبەر بولۇشى لازىمكى، ئاللاھ ئۇ كىشىگە پەۋقۇلئاددە روھى ئىشەنچنى ئاتا قىلغانكى، ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ئۇنىڭغا ئالاقىدار

www.munber.org

بولغان ئادەم قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى تۆكۈپ بېرىدۇ. بۇ كىشى خۇددى باشقىسىغا تۇك قاچىلاپ بېرىدىغان تۇك ساقلىغۇچقا ئوخشايدۇ. ھەر قانداق سۆز يۈرەكتىن چىقىدىكەن، ئۇ دەخلىسىز ھالدا يۈرەككە كىرىدۇ (يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ). ئېغىزنىڭ ئۇچىدىن چىققان سۆز قۇلاقتىن باشقا جايغا ئۆتمەيدۇ. يۈرىكى تىرىك ئادەم سۆزنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئاڭلاشنى خالايدىغان ئادەمگە ئۆز گېپىنى تەسىر قىلدۇرالايدۇ. يۈرىكى ئۆلۈك ئادەم باشقا كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى قانداقمۇ تىرىگۈزسۇن؟ بىر نەرسىسى يوق ئادەم باشقىلارغا بىر نەرسە بېرەلىسۇنمۇ؟ ئۇخلاپ قالغان ئايال ئويغاق تۇرۇپ تۇۋلاۋاتقان ئايالغا قانداق ئوخشىسۇن؟

5. خالىس نىيەتلىك، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئىشەنچلىك ھەم ئۆز رەھبىرىنىڭ تۇتقان يولىغا ئىشىنىدىغان، رەھبىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئۆز شاگىرتلىرىغا ئۆزلىرىدىن كېيىن باشقىلارغا ئۇستاز بولالىغۇدەك دەرىجىدە يېتىشىپ چىققۇدەك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان... بىر بۆلۈك تەربىيەتچىلەرنىڭ بارلىقىغا كېلىشىدۇر. مەن بۇ يەردە تەربىيەتچى دەپ، تەربىيە كەسپىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ياكى شۇ كەسپتە ماگىستىرلىق ـ دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن كىشىلەرنى دېمەكچى ئەمەسمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: ئاللاھقا بولغان ھەقىقي ئىمان، كۈچلۈك روھ، پاكىزە، نەپىس، كۈچلۈك ئىرادە، چوڭقۇر مېھرىبانلىق ۋە باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت ئالىي قۇۋۋەتكە ئىگە كىشىلەركى، مەيلى ئۇلار ئىنژېنېر بولسۇن، ئاددىي خىزمەتچى بولسۇن ياكى تىجارەتچى، ياكى ئىشچى بولسۇن، تەربىيە ئۇسۇلىغا ئالاقىسى يوق كىشىلەرنىڭ

www.munber.org

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

6. ھەر تۈرلۈك چېنىقىش ۋاستىلىرى بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى، بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى، نەزەرىيەدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى، ئەمەلىيەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى، سەلبىي ئېلىپ بېرىلىدىغانلىرى بولىدۇ. بۇ ئىشلار ئۆگىنىشتىن ـ سۆزلەشكە قەدەر، مۇلاھىزە قىلىشتىن لېكسىيە سۆزلەشكە، يىغىنغا قەدەر، يالغۇز سۆھبەتلىشىشكە قەدەر، يادلانما شۇئارلارنى ئوقۇشتىن تارتىپ، تېلېفوندا سۆزلىشىش، تەسىرلىك غەزەل ـ شېئىرلارنى ئوقۇشقا قەدەر ئېلىپ بېرىلىشى، داۋاملىشىپ توختىماسلىقى لازىم. ئۆيلەردە تاللانغان قارارلىق ئۇچرىشىشلار، ئەھمىيەتلىك ئولتۇرۇش، ئۇچرىششقا، ئاتلىق، ئەخلاقلىق، ئىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇشقا، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا، قېرىنداشلىق ـ دوستلۇق مۇھەببىتىنى چىڭىتىشقا، مۇسۇلمانلارنى بىر ئائىلە باللىرى ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت سەۋەبى بىلەن ئائىلە دەپ ئاتالغانغا ئوخشاش، بىر ئائىلە ئادەملىرىدەك بولۇشقا تەرغىپ قىلىشتىن تارتىپ كېچىلىرى يىغىلىدىغان جامائەت سورۇنلىرىغىچە، بۇ تەشۋىقنى چۈشەندۈرۈشنى ـ جىھاد مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ـ كىچىك قوشۇن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇندىن باشقا كامىل مۇسۇلمان ئىنسانىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلىدىغان ھەر قانداق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بۇ تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

ھەر قانداق تەربىيە شۇ تەربىيەنىڭ نىشانىغا قاراپ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ھەتتاكى، بۇ پەرق ھايۋاندىمۇ بار. مەسىلەن: سۈتىنى

www.munber.org

سىغىشنى مەقسەت قىلىپ بىقىلىدىغان كالا، گۆشىنى مەقسەت قىلىپ باققان كالىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ كالا تىرىلغىۇ ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان كالىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئىنسان بىلەن تەربىيە ھەم شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: ئىدىيىسى ئازاد ئادەم بىلەن خۇداسىز ئادەمنىڭ تەربىيىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككىسى بۇرژۇئاچە ۋە كاپىتالىزم چەكشىگە ھەم ئوخشىمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەر مۇسۇلماننى تەربىيىلەش بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ. ئىسلام ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ياشىغان مۇسۇلمان بىلەن جاھىلىيەت بىلەن ئىسلام زىددىيەتكە دۇچ كەلگەن، كۇفرى بىلەن ئىمان تالاشقا چۈشكەن جەمئىيەتتىكى مۇسۇلماننىڭ تەربىيىسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. مۇستەقىل تونۇش ئارقىلىق مۇسۇلمان بولغان ئادەم بىلەن ئەگەشمە مۇسۇلماننىڭ تەربىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. توغرا! ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا، ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش، زىكرى ـ دۇئا قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلىدىغان، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى سۆزلەنسە ئاللاھ ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! پاناھ بەرگەيسەن دەپلا قويىدىغان ئادەم بىلەن، دىن ئۈچۈن يۈرىكى قازان قاينىغاندەك قايناپ ئىسلامغا غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنىپ تۇز كەبى ئېرىپ ھەسرەت چېكىدىغان ئادەمنىڭ تەربىيىسى ئوخشاشمايدۇ. ئاشۇ غەيرەت، ئاشۇ ئىچىنىش دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە ـ قۇۋۋەت بولىدۇ. تەلەپ قىلىنغان مۇسۇلمان ئەنە شۇدۇر. ئاشۇنداق مۇسۇلمان ھادىسىلەرگە باش ئەگمەي ئاللاھ بۇيرىغاندەك ئۇنى ئۆزگەرتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. قىيىنچىلىقنى يېڭەلمەي قازا ۋە قەدەر ئىكەن دەپ ئۆزرە قويۇپ

www.munber.org

ئۆلتۈرماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ غالىب ھۆكمى ۋە قايتۇرۇلماس قەدەرى ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەلچىلىك (ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكى) ۋەزىپىسىنى ئۆتەش، يېڭىدىن ئىسلامى ئۇممەت قۇرۇش ۋە ھەقىقىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە جان ـ دىلى بىلەن ئىشلەيدۇ. ئەلچىلىك ۋەزىپىسى دېگىنىمىز: «بىپايانلىقتا زاماننىڭ ئاخىرىغىچە سوزۇلغان، دۇنياغا ئومۇملاشقان، مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە تارالغان، چوڭقۇرلۇق جەھەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى پۈتۈنلەي ھەممە كىشىگە يەتكۈزۈش دېمەكتۇر[1].»

ئۇممەت دېگىنىمىز بولسا ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەڭ ياخشى كىتاب قۇرئان كەرىمنى ۋە كاتتا، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خاس قىلغان، ئاللاھ ئەڭ ياخشى ئۇممەت قىلغان، ھەر ئىشتا قانۇنى نورمال قىلىنغان، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا ئۇستاز، ئاخىرەت كۈنىدە باشقىلارغا گۇۋاھچى بولىدىغان بىزلەردىن ئىبارەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىدۇر.

مەدەنىيەت دېگىنىمىز: ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن ئىلىم ـ پەن ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرىدىغان، ماددا بىلەن روھنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدىغان، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تەڭ تۇتىدىغان، ئىنساننىڭ ئىنسانىي ئالاھىدىلىكى، خوسۇسىيىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ساقلىيالايدىغان، ئۆلگىلىك ئەخلاق، دۇنياغا مۇناسىپ ئىنسانىيەت ۋە ھەممىگە ئۇستاز بولارلىق دەرىجىدىكى مەدەنىيەتتۇر.

[1] ھەسەنۇل بەننانىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» كۇندىلىك گېزىتىگە بېسىلغان «ھىرا ۋەھىيسىدىن» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان.

www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەربىيىلىنىشى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مۇھىم ۋەزىپىسى. چۈنكى، بۇ تەربىيە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى، ياخشىلىنىشنىڭ ۋە ئىسلاھاتنىڭ يادروسى. ئىسلام تەربىيىسىنى قوللانماي تۇرۇپ ئىسلامىي ھاياتنى يېڭىلاش ياكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ياكى ئىسلام قانۇنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارنى ئارزۇ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئاشكارا خۇسۇسىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ھالەتتە كۆرۈلگەن بولۇپ، مۇھىملىرى: (1) تەربىيەتچىلىكتە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش. (2) ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بولۇش. (3) ئەتراپلىق بولۇش. (4) نورمال بولۇش. (5) ئۆلچەملىك بولۇش. (6) ئىجابىي بولۇش. (7) بىناچى (يەنى: ھەرىكەتچان، ئىشچان، ھۇرۇنلۇق قىلمايدىغان) بولۇش. (8) قېرىنداشلىق، جامائەت روھى بولۇش. (9) باشقىلاردىن ھەر جەھەتتە ئىجابىي ھالدا پەرقلىق بولۇش. (10) مۇستەقىل پىكىرلىك، ئازاد بولۇشلاردىن ئىبارەت.

تۆۋەندە ئىمكانقادەر ھەر بىرى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىمىز.

ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

ھۆرمەت بىلەن: دوكتۇر يۈسۈف قەرزاۋى.

www.munber.org

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

## رەببانىيەت (ئاللاھنى تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان ئىلاھى تەربىيە)

ئىسلام تەربىيىسىدىكى ئاللاھنى تونۇشنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر مەنا بىلەن ئېيتقاندا ئىماننى ئاساس قىلغان تەربىيە ـ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جۈشەنگەندەك ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغاندەك تەربىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم، شەرەپلىك ھەم چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە تەرىپى. ئىسلام تەربىيىسىنىڭ دەسلەپكى نىشانى: ئىمانلىق (ئاللاھقا ئىشەنگەن) ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرۈش بولغىنى ئۈچۈن، شۇڭا ئىماننى ئاساس قىلغان تەربىيە ئەڭ مۇھىم دەيمىز.

ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسىدە ئىمان: ئېغىزدىكى قۇرۇق سۆز ياكى قۇرۇق داۋا بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى ئەقىلگە يەتسە، ئەقىل قانائەت قىلىدۇ، ۋىجدانغا يەتسە، ۋىجدان ئۆرلەيدۇ، ئىرادىگە يەتسە، ئىرادە ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ھەدىستە: «ئىمان دېگەن يۈرەكتە ئورۇنلاشقان، ئەمەلىيىتى ئۇنى تەستىقلىغان نەرسە» دېيىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمْ

www.munber.org

يَرۡتَابُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ

﴿(ھەقىقىي) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىماندا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر.﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت) ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئىمان دېگەن: سۆزمەنلەر ۋە پەلسەپىچىلەر تونۇغاندەك، زېھىندە تونۇپلا قويۇش ياكى تەسەۋۋۇپچىلار لەززەتلەنگەندەك روھى لەززەتلىنىش ياكى ئىبادەتچى زاھىدلاردەك ئىبادەت يولىغىلا كىرىۋېلىش بولماستىن بەلكى، ئۇ ئىمان ئەگىرىلىكتىن، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ياكى بوشاڭلىق قىلىشتىن ساقلانغان، زېمىننى پايدىلىق ھالدا توغرا گۈللەندۈرۈشكە، ھاياتقا ياخشىلىق بېغىشلاشقا، توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئېلىپ بارغان ھالدىكى يۇقىرىقىلارنىڭ بىر پۈتۈن جۇغلانمىسىدۇر.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆز تەربىيىسىدە مۇتەكەللىم، سوپىزىملار ۋە فەقىھ ئالىملار ئۈستۈن تونۇيدىغان ھەقىقىي ئىمان ماددىلىرىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشنى، كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلار يوقىتىۋەتكەن ئىماننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يېڭىلاشنى ئىرادە قىلىپ، تەربىيە ئاساس قىلىش زۆرۈر بولغان ھەقىقىي ئىماننىڭ سۈپىسۈزۈك مەنبەسىگە قايتتى. يەنى: غالىب، ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننىتىگە قايتتى. ئەنە شۇ سۈننەتتە ئىماننىڭ 70 خىلدىن ئارتۇقتا يەتكەن ئېسىل خىسلەت ۋە ئۇلۇغ پەزىلەتلىرى بار ئىدى. شۇ ھەقتە ئىمام ھافىز بەيھەقىرە «شۆئبۇل ئىمان» ناملىق

www.munber.org

مەشھۇر كىتابنى يېزىپ چىققان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىكى ساھابىلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلارغا ساداقەت بىلەن ئەگەشكەن سەلەفلەرنىڭ ئىمانى ـ يۈرەكتىكى ئېتىقادىغا، تىلىدىكى ئىقرار ۋە ئەمەلىيىتىدىكى ھەرىكەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ قۇماندانلىق قىلغان. مەسجىددە، ئۆيدە، جەمئىيەتتە، مەخپىي جاي ۋە جامائەت ئالدىدا، كېچىدە، كۈندۈزدە، دۇنيالىق ـ ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ تەربىيىسىدە ئىمان، ئاشۇنداق ئەتراپلىقلىقى ۋە ھەقىقىيلىكى بىلەن ئۆزگىچە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جانلىقلىقى، جۇشقۇنلۇقى، تۈرتكىلىك قۇۋۋىتى ۋە تەسىرلىك ھەرىكىتى بىلەن ئالاھىدە ئۆزگىچە بولدى. چوقۇمكى، ئۇ ئىمان، پارقىراپ يېنىپلا تۇرىدىغان يورۇقلۇق مەشئىلى، ھەرىكەتلىك دولقۇن، يورۇقلۇق تاشلىغۇچى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى ئوتتۇر.

ئىلاھىي تەربىيە (يەنى ئاللاھنى تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان تەربىيە)نىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، ئاللاھ تائالاغا ئۇلاشقان، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىش، ھەمدە پۈتكۈل قىلمىشىدىن ھېساب بېرىشكە ئىشەنگەن، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىغان ھەقىقىي ھايات قەلبىدۇر. دېمەككى، ئىنساننىڭ ھەقىقىتى ئۇنىڭ ماددى ھەيكىلىدە، تەن ـ قۇرۇلۇش، ھۈجەيرە، سۆڭەك ۋە پەيلىرىدە بولماستىن بەلكى، ئۇ ئاشۇ ماددى ھەيكەلدە تۇرىدىغان، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، ئۇنى بىر ئىشقا بۇيرۇپ، بىرىدىن توسۇپ

www.munber.org

قۇماندانلىق قىلىپ تۇرىدىغان، ئاشۇ ياخشى بولسا، پۈتۈن تەن ياخشى بولىدىغان، ئاشۇ بۇزۇق بولسا، پۈتۈن تەن بۇزۇق بولىدىغان، ئاللاھنىڭ تەربىيىسى سىڭگەن بىر چىشلەم نازۇك ئەزادۇر. بىلىپ قويۇڭكى، ئۇ بولسا ئادەم ئىچىدىكى ـ يۈرەك دەمسەن، قەلب دەمسەن، دىل دەمسەن ياكى جان دەمسەن ئىختىيارىڭ، ئەنە شۇ قەلبتۇر. قەلب ئانداق ئاڭلىق بىر نەرسىكى ئۇ ئىنسانىي ھاياتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ۋە كائىناتنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن زېمىندىن ـ ئاسمانغا (تۆۋەندىن ئۈستۈنگە)، بارلىقىدىن ـ بارلىققا كەلتۈرگۈچىگە (يەنى ئاللاھ تەرەپكە)، يوقلۇق ئالەمدىن (يەنى دۇنيادىن) مەڭگۈلۈك ئالەمگە يۆتكىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرى ۋە رەھمەت ئىلتىپاتى، نۇرلىرى چۈشىدىغان ئورۇن ئەنە شۇ تىرىك يۈرەكتۇر.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىڭلارغا قارىماستىن، بەلكى يۈرىكىڭلارغا قارايدۇ». ئاشۇ يۈرەك بولسا، قىيامەت كۈنىسى ئىنسان ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ تەقدىم قىلىدىغان بىرلا يۇلەنچۈكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَوْمَ لَا يَنفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ • إِلَّا مَنْ أَتَى ٱللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ

﴿ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ.

www.munber.org

پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى)غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ﴾ (سۈرە شۇئەرا 88 ـ 89 ئايەت) ئىمان بىلەن گۈللەنگەن، جەزمى ئىشەنچ بىلەن نۇرلانمىغان قەلب ئىگىسى گەرچە تىرىكلەر قاتارىدا سانالسىمۇ، ئۇنداق ئادەم ئۆلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ وَجَعَلْنَا لَهُ نُورًا يَمْشِي بِهِ فِي النَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُ فِي الظُّلُمَاتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا

﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾ (سۈرە ئەنئام 122 ـ ئايەت)

شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەربىيىسى ـ قەلبلەرنى ئۆلۈك بولمىسۇن دەپ تىرىلدۈرۈشكە، خاراب بولمىسۇن دەپ ئاۋات قىلىشقا، قېتىپ قالمىسۇن دەپ ئېرىتىشكە يۈزلەندى. چۈنكى، قەلبنىڭ قېتىپ تەسىر قوبۇل قىلماس بولۇپ قېلىشى، كۆزنىڭ قېتىپ ئاللاھدىن قورقماي ياش تۆكمەس بولۇپ قېلىشى، يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيدىغان بىر ئازابلىق ئىشتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى سۆكۈپ ئېيتىدۇ:

www.munber.org

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ لَعَنَّٰهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَٰسِيَةً ۖ

«ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق.» (سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە ئۇلارغا خىتاب قىلىپ ئېيتىدۇ:

ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِىَ كَٱلْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً ۚ

﴿دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى﴾ (سۈرە بەقەر 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ ئىمان ئەھلىگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ:

أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ ٱللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ ٱلْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ ٱلْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ

﴿مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت

www.munber.org

يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زامانىنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾ (سۈرە ھەدىد 16 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ پايدىسىز ئىلىمدىن، ئاللاھدىن قورقمايدىغان قەلبدىن ئاللاھدىن پاناھ تىلەيتتى. ئۇستاز ھەسەنۇل بەننانىڭ رىسالە ـ ماقالىلىرى، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئومۇمى قىلغان سۆزلىرى، ئائىلىلەر، جامائەتلەر ۋە خەلقلەر ئۆچرىشىشلىرىدىكى (يەنى يىغىلىشلىرىدىكى) خۇسۇسىي قىلغان سۆزلىرى داۋاملىق ھالدا ئىنساننىڭ قەلب ئىشىكىگە يول ئېلىشقا قارىتىلغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئىنسان قەلبى ئاللاھنى تونۇشقا ئېچىلىدۇ، رەھمىتىنى كۈتىدىغان، غەزىپىدىن قورقىدىغان، تەۋبە قىلىدىغان، تەۋەككۇل قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى بېرىدىغان مۇكاپات ۋە جازاسىغا ئىشىنىدىغان، ئاللاھنىڭ دوستلىقىغا خۇشال بولىدىغان ۋە رازى بولىدىغان، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ئىزدەپ ئۇنى ئەسلەپ ئارام ئالىدىغان بولىدۇ.

ئاللاھ ئېيتىدۇ:

أَلَا بِذِكْرِ ٱللَّهِ تَطْمَئِنُّ ٱلْقُلُوبُ

﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾ (سۈرە رەئىد 28 ـ ئايەت)

www.munber.org

مۆئمىنىنىڭ يۈرىكى يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرگە ئىگە بولالىسا، ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىدۇ، ئاچچىقنى تاتلىق قىلىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئاددى سانايدۇ، بەلكى ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدىلا بولىدىكەن ئۇنى لەززەت سانايدۇ. بۇ ئەھۋال مەھبۇبىگە ئۇچرىشىشنى ئاساسى نىشان قىلىپ يول يۈرگەن ئاشىقنىڭ شۇ يولدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى لەززەت ساناپ، يولدىكى ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقنى ئۇنتۇپ قالغىنىدەك بىر ئىشتۇر. ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

لها أحاديث من ذكراك تشغلها
عن الطعام و تلهيها عن الزاد
اذا اشتكت من كلال السير او عدها
روح القدوم فتحيا عند ميعاد

ئىنسانىنىڭ قەلبمۇ بەدىنىگە ئوخشاش ئۈچ نەرسىگە موھتاج بولىدۇ:

1. سالامەت تۇرۇش ئۈچۈن ساقلاشقا مۇھتاج.

2. ياشاش ئۈچۈن ئۇزۇققا مۇھتاج.

3. ساقىيىش ئۈچۈن چارە ـ ئامال قىلىشقا مۇھتاج.

قەلبنى ساقلاش زۆرۈر بولغان بىرىنچى نەرسە بولسا، ھەر قانداق خاتالىقنىڭ بېشى ۋە ھەممە ئىللەتنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولغان دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بولۇپ، قەلبنى ئۇنىڭدىن ساقلاشنىڭ بىردىنبىر يولىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش بەكمۇ زۆرۈر. ئۇ يول بولسا ـ ئاخىرەت كۈنىگە

www.munber.org

چوقۇم ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىنى ئەسلەپ تۇرۇش، پانىي (يەنى بۇ دۇنيا) بىلەن باقىي (يەنى ئاخىرەت) ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇش توغرا كەلگەندە، ئالدىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈۋەن، ئاددىلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى نازۇ ـ نېئمەتلەرنىڭ كاتتا، ئۇلۇغلىقىنى سېلىشتۇرۇش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

مَا عِندَكُمْ يَنفَدُ ۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ بَاقٍ ۗ

﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر﴾ (سۈرە نەھل 96 ـ ئايەت)

ئاللاھقا ئىشەنگەن ھەقىقىي مۆئمىنگە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى سېلىشتۇرمىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، روشەن ھالەتتىكى ئارتۇقچىلىق سېلىشتۇرمىسىنى ئۇقۇپ كۆرسە كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلْبَنِينَ وَٱلْقَنَٰطِيرِ ٱلْمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلْفِضَّةِ وَٱلْخَيْلِ ٱلْمُسَوَّمَةِ وَٱلْأَنْعَٰمِ وَٱلْحَرْثِ ۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسْنُ ٱلْمَـَٔابِ ۞ قُلْ أَؤُنَبِّئُكُم بِخَيْرٍ مِّن ذَٰلِكُمْ ۚ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟

www.munber.org

عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَأَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞ وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِٱلۡعِبَادِ

﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك). (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە نېئمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھوزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەتلەردە پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رەزاسى بار»، ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ (سۈرە ئال ئىمران 14 ـ 15 ئايەت)

بۇ يەردە يەنە قۇرساق ھەۋىسى، جىنسى ھەۋەسلەر، مال ـ دۇنيا، بالا ـ چاقىلارنى ياخشى كۆرۈش ھەۋەسلىرىدىن ئىبارەت ماددىي ھەۋەسلەردىن باشقا يەنە قەلبلەرنىڭ ھەۋەسلىرى ۋە نەپسى خاھىشلارنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ئىبارەت خەتىرى ئەڭ چوڭ ھەۋەسلەر بار.

www.munber.org

نەپسى خاھىشى بولسا: زېمىندىكى چوقۇنۇلغان ئەڭ يامان «ئىلاھ»تۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ ٱللَّهِ ۚ

﴿ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟﴾ (سۈرە قەسەس 50 ـ ئايەت) يۈز ـ ئابروينى ئارزۇ قىلىش، ھۆكۈمرانلىقنى ياخشى كۆرۈش، كىشىلەرگە «ئىلاھ» بولۇۋېلىشنى ياخشى كۆرۈش، شۆھرەت ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ياخشى كۆرۈش، ئاممىنىڭ ئالقىشى ئالدىدا خۇدنى بىلمەي يۈگۈرۈپ كېتىش ياكى بەزىلەرنىڭ خۇشامىتى ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىش... قاتارلىق ئىشلار ئۇدۇللا قەلبكە يېتىدىغان جان ئالغۇچ يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، ئۇ قەلبنى كور قىلىپ ۋە پاك قىلىپ تاشلايدىغان ياكى ئۇنى ھالاك قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر ئىللەتتۇر. مانا بۇ ئىللەتنى ئىمام غەززالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «ئۈچ ھالاك قىلغۇچ نەرسە بار، ئىنساننى ئىتائەت قىلدۇرۇۋالغان بېخىللىق، كەينىگە كىرىپ كېتىلگەن كۆڭۈل خاھىشى ۋە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تەئەججۇپ قىلىشى» دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن،«ئىھيائۇل ئۇلۇم» دېگەن كىتاۋىدا ھالاك قىلغۇچى نەرسىلەر قاتارىدىن ھېسابلىغان.

كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ، شەخسلەر ۋە جامائەتچىلىك ئالدىدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن مەنىۋى ھالاكەت ئامىللىرىغا قارىماي، پەقەتلا ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك... قاتارلىق زاھىرى ھالاكەت ئامىللىرىغا يۈزلىنىپ، شۇنى تۇزەشنىلا مۇھىم بىلىۋاتقانلىقى

www.munber.org

ئېچىنارلىق بىر ئەھۋال. زاھىرى ھالاكەت ئامىللىرى ھالاكەتكە قەتئىي ھالدا ئېلىپ بارىدىغان خاتا قىلمىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يۇقىرىغا نىسبەتەن زىيىنى ئاز، خەتىرى يەڭگىلراقتۇر.

ھېسسىي ئامىللارنىڭ ئارقىسىدا بىلگەنلەر بىلگەن، بىلمىگەنلەر بىلمىگەن پېتى قىلىۋاتقان بىر روھى كېسەللىكنىڭ بارلىقى ئەينەن ھەقىقەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرىشتىكى بىرىنچى قەدەمدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ نەپسىلىرىنى دۇنيانىڭ شالغۇتلىرىدىن قۇتقۇزۇش، نەرسىلىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەلا بىلىدىغان قىلىش، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدىغان ھەر قانداق پايدا ـ مەنپەئەت ياكى دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىدىن قەتئىي تاماسىنى ئۈزۈۋېتىش قاتارلىقلارغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى مۇھىم بىلىش ۋە تەربىيە ھەرىكىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاللاھنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىدىكى تەربىيىگە ئاتلىنىشى ۋە شۇ تەرەپكە پايدىلىق مۇھىت، ۋاسىتىلەرنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى تەييارلاش كېرەك.

مانا مۇشۇ ئىمانىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھنى تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان تەربىيە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى تەربىيە پروگراممىلىرىدا كەڭ ئورۇننى ئىگەللىگەن ھەمدە تولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەربىيە تەرپى بۇپقالدى. دېمەك، دەۋەت باشقا ھەر قانداق نەرسىنى قويۇپ، ئاللاھنى تونۇتۇشنى ئاساس قىلغان دەۋەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغان ئىلاھى دەۋەت بىر يۈزلىنىش بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئاللاھقىلا يۈزلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ

www.munber.org

رازىلىقىنى ئاساسى مەقسەت قىلىدۇ.

تەڭرىگە ئىشقىڭ بولغاندا توغرا، ھەممە ئىش بولغاي ئاسان.

تۇپراق ئۈستىدە بار نەرسە تۇپراقتۇر، بىلگىن! ئەي ئىنسان.

ئاللاھ تائالا سىرتقى قىياپەتكە قارىماستىن، قەلبكە قارايدۇ. ئەمەلنىڭ ئاشكارا ھەجىمىگە قاراپ ئەمەس، شۇ ئەمەلگە بولغان ئىخلاسقا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ شېرىكتىن بىھاجەت ھەم پاك بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە خالىس قىلمىغان ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. رىيا (يەنى كىشىلەرنى كۆرسۇن دەپ قىلىنغان ياخشى ئەمەل) بولسا مەخپىي شېرىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا خالىس قىلىنمىغان، باشقىسىنىڭ شېرىكچىلىكى بولغان ئەمەل ۋە قەلبنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا

﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش ئىشلىسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾ (سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت). قۇرئان شۇنداق تەلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جەمئىيىتى «الله اكبر ولله الحمد» (يەنى ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ، پۈتۈن ماختاش ئاللاھقا خاس) دېگەن سۆزنى ئۆز شۇئارى، «ئاللاھنى رازى قىلىش بىزنىڭ ئاساسىي

www.munber.org

غايىمىز» دېگەن سۆزنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۆگەتتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىغىچە سىڭدۈرۈۋېتىدىغان نىشانلىرىنىڭ دەسلىپى قىلغىنىغا ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ.

تەلىماتلار رىسالىسىدە، شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «20 ئاساس» بەلگىلىمىسى ئىچىدە «بەيئەت» ئاساسلىرىنىڭ بىرىنچىسى ئىسلامنى تەلەپكە ئۇيغۇن چۈشىنىش، ئىككىنچىسى بولسا «ئىخلاس» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. «ئىخلاس» دېگەن سۆزنى ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «مۇسۇلمان بۇرادەر ئۆزىنىڭ سۆزى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە قىلغان كۆرىشىدە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى مەقسەت قىلىشى، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشى، ياخشى ساۋاپ ئاتا قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەككى، ھېچبىر غەنىيمەتكە، ياكى يۈز ـ ئابرويغا، ياكى بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپكە قارىماسلىقى، جاپا كەلسىمۇ، ئىلگىرىلىيەلمىسىمۇ ياكى كەينىدە قالسىمۇ پەقەت ھېسابلاشماي ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا ئىزدىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇ مەلۇم غەرەز، مەلۇم مەنپەئەتنىڭ قولى بولۇپ قالماي، پىكىر ۋە ئەقىدەنىڭ جەڭچىسى بولىدۇ.» ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَالَمِينَ

لَا شَرِيكَ لَهُۥ ۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْمُسْلِمِينَ

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ

www.munber.org

شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن» ﴾ (سۈرە ئەنئام 162 ـ 163 ئايەت).

قەلبلەرنىڭ كېسەللىرى ۋە نەپسلەرنىڭ ئاپەتلىرىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەر، دىنى دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلار دۇچ كېلىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئىشنىڭ ـ شۆھرەتكە ئالدىنىپ كېتىش، ئالىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىش، كىشىلەرگە كۆرۈنۈپ ئۇلار ئالدىدا ياخشى دەپ ئاشكارا بولۇشنى ۋە ئەمەلدارلىقنى ياخشى كۆرۈش قاتارلىقلار ئىكەنلىكىنى ئەينەن بىلەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «يۈز ـ ئابروي، مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتىن، رىيادىن ئىبارەت مەخپى شېرىكتىن ھەزەر قىلدۇرغان ئىدى». قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى، ھەر قانداق ئىش قىلسا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ھېچكىمدىن مۇكاپات ۋە رەھمەت كۈتمەي، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلغۇچى كامىل مۆئمىنلەرگە ئۈستۈن باھا بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىھۇدە گەپتىن ساقلىنىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىجانىدىل ئورۇنلايدىغان، كىشىلەر ئارىسىغا چۈكۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «پالانى» دەپ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ يۈرمەيدىغان پايدىلىق مۇسۇلماننى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «كېيىم ـ كېچەكلىرى كونا، باشلىرى چۇۋۇق، تۇپا ھالدا يۈرۈيدىغان (كىشىلەر تەرىپىدىن) كۆزگە ئىلىنمەيدىغان نۇرغۇن ئادەملەر باركى، (ئۇلاردىن) بىرى ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىنى شەكسىز تۇرغۇزۇپ بېرىدۇ». ۋە «ئاللاھنىڭ يولىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان، بېشى چۇۋۇق (يەنى ئاددى)، پۇتلىرىغا توپا قونغان بەندىگە

www.munber.org

مۇبارەك بولسۇن! ئۇ كىشى پوستا قويۇلسا، پوستا تۇرىدۇ، ئارقا سەپتە بولسا (يەنى ئارقا سەپتە تۇرۇشقا بەلگىلەنسە) ئارقا سەپتە تۇرىدۇ. ئاللاھ قوماندانلىق ۋەزىپىسى تاپشۇرسا، ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىغان، بىر كىشىلىك جەڭچى بولسا، بوشاشماي، چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەي، جايىدا ئورۇنلاپ خىزمەت قىلغان، «ئاللاھنىڭ قىلىچى» دەپ نام ئالغان خالىدگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن!»

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ئۆز تەربىيىسىدە يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى مۇستەھكەم تۇتۇپ ۋە كۈچەيتىپ، كۆپىنچە ھالدا كىشىلەرنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى، نىشانلىرىنى، غورۇرلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان ئىززەت ـ ئابرويىنى ياخشى كۆرۈش ئىللىتىدىن ھەزەر قىلدۇرۇپ كەلدى. مۇشۇنداق تەربىيەنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى: جامائەتچىلىك ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ نامەلۇم ئەسكەرلەر مەيدانغا كەلدى. ياكى پەيغەمبىرىم ئاتىغاندەك دېسەكمۇ بولىدۇ: «يوق بولۇپ كەتسە، يوقلانمايدىغان، پەيدا بولسا تونۇلمايدىغان، ياخشى، تەقۋادار، (كىشىلەرگە) مەخپىي كىشىلەر بار». (بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بىز قورقۇنچ بولغاندا (يەنى جەڭ بولغاندا) كۆپىيىدىغان، تاما قىلغاندا (يەنى ئولجا ـ غەنىيمەت تەقسىم قىلىنغاندا) ئاز قالىدىغان «ئەنسارلار» (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىكى مەدىنىلىك ساھابىلار)دىن بىر بۆلەك دېگىلى بولىدىغان كىشىلەرنى ھازىرمۇ ئۇچرىتىۋاتقانلىقىمىز ئەنە شۇ تەربىيىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز ئىسىملىرىنى سۆزلىمەستىن ياكى ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئېلان

www.munber.org

قىلىش ئۈچۈن دۇمباق ئۇرۇپ يۈرمەستىن، ماللىرى ۋە جانلىرىنى سەرپ ئېتىۋاتقان كىشىلەر، ھېچكىمدىن مۇكاپات ۋە رەھمەت كۈتمەي، ئۆزلىرىنىمۇ ئېلان قىلماي ياكى قىلغان ئىشلىرىنى قىلچىلىك سۆزلەپ سالماي پەلەستىن، قەنات ئۇرۇشىغا قاتناشقان نۇرغۇنلىغان ياشلار بار. بۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلىشى قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ باشقىلار ئالدىدا سۆزلىنىپ قالسا، مەغرۇرلۇق پەيدا قىلىپ، شۇ سەۋەب بىلەن بىكار بولۇپ كېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈندۇر.

بىز يۇقىرىدا، 2 ـ قەلب ياشاش ئۈچۈن ئوزۇققا مۇھتاج دېگەنىدۇق، قەلبنى ھەرخىل نەرسىلەردىن يۇقىرىقىدەك ساقلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلەش تەربىيە ھەرىكىتىگە كېرەكلىك يەنە بىر مەسىلە. قەلب ئوزۇقى، ئاللاھقا يېتىش ئۈچۈن ۋاستە بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ئاللاھنى ئەسلەش، شۈكرى قىلىش ۋە ياخشى قۇلچىلىقنى ئورۇنداشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار، جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بىرىنچى مەقسەت بولغان ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر قوللانغان ئىلاھى تەربىيىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس بولدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ

﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت). ئىبادەت دېگەن سۆز: ئومۇمى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ـ ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان

www.munber.org

ھەممە سۆز ـ ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. بىز بۇ يەردە ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ خۇسۇسىي مەنىسى بولغان دىنىي پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش، ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئىبادەت قىلىش دېگەن مەنىنى مەقسەت قىلىمىز. ئىبادەت قىلىشتا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ بەك ھېرىس بولغان ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىر نەچچىسىنى كەلتۈرىمىز:

1. پەرز ئەمەللەرگە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى بەك مۇھىم بىلىش. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەرز ئادا قىلىنماي تۇرۇپ، قىلىنغان نەپلە ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھ ئېيتتى: بەندەم مەن بەندەمگە پەرز قىلغان ئەمەللەردىنمۇ مەھبۇبراق نەرسىنى قىلىش بىلەن ماڭا يېقىن بولالمايدۇ». (يەنى پەرز ئەمەلدىن مەھبۇبراق ئەمەل يوق دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك) شۇڭلاشقا، پەرز ئەمەللەرنى ھەر قانداق ۋاقىتتا بۇشاڭلىق قىلىپ، سەل قاراپ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

2. سۈننەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ، بىدئەت (يەنى دىن نامىدىن كېيىن پەيدا بولغان ئاساسى يوق ئىش)دىن ساقلىنىش، چۈنكى، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر. بۇ ھەقتە مۆھتەرەم بۇرادەر ئۇستاز

سەييىد سابىق رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «فقهـه السـنة» (يەنى سۈننەتنى

چۈشىنىپ يېتىش) ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتابقا ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم، شەھىد سەييىد قۇتۇب مۇقەددىمە يېزىپ، يازغۇچىغا كۆپ ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدى. بۇ كىتاب نەشىر قىلىنىشتىن

www.munber.org

بۇرۇن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ھەيتىلىك ژورنىلىدا پارچە ـ پارچە ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ كىتاب شەرىئەت دەلىللىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇرادەرلەرنىڭ توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتەشكە تەرغىب قىلىش. چۈنكى جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەش مەزھەب ئىماملىرىنىڭ ئىختىلاپىغا ئاساسەن بولغاندىمۇ پەرز ئەين ياكى پەرز كۇپايە ياكى كۈچەيتىلگەن سۈننەتتۇر. (ئىشقىلىپ نىملا بولمىسۇن، جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشتۇر.) شۇڭا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»دىكىلەر «تۇر» مەركىزىگە بارغان ۋاقىتتا، ھەر بىر قىسىمدا ناھايىتى تېز بىردىن مەسجىد بىنا قىلىشتى. ئۇلار شۇ مەسجىدلەرگە ھەر نامازغا خۇددى جۈمە نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن يىغىلغاندەك يىغىلاتتى. مەن، بىزگە ھەر نامازدا ئىمام بولىدىغان ئىمام ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ ئاۋازىنى ھەمىشە ئەسلەيمەن. ئۇ ئاخىرقى رەكئەتتە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اللهم فك بقوتك أسرنا، واجبر برحمتك كسرنا، و تول بعنايتك امرنا، اللهم استر عوراتنا وامن روعاتنا» «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ دۈشمەنلەر قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەسىرلىرىمىزنى ئۆز كۈچۈڭ بىلەن ئازاد قىلىۋەتكىن، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن كەم ـ كۈتىمىزنى پۈتۈنلىگىن، ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن ئىشىمىزغا ئىگە بولغىن! ئى ئاللاھ! ئەيىبلىرىمىزنى يۆگىگىن، قورقۇنچلىرىمىزدىن ئامانلىق ئاتا قىلغىن.»

4. نەپلى ئەمەللەرگە تەرغىب قىلىش. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ھەدىس قۇددۇسىدا (داۋامىدا): «بەندەم ماڭا نەپلە ئەمەللەر بىلەن ھەمىشە يېقىنلىشىدۇ، ھەتتاكى، ئۇ بەندىنى مەن دوست تۇتقايمەن» دېيىلىدۇ. مۇشۇ دەۋەت مەيدانىدا روزا تۇتىدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز

www.munber.org

ئۆتەيدىغان نۇرغۇنلار يېتىشىپ چىقتى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمْ عَنِ ٱلْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا

﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ﴾ (سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەت). كىشىلەر، يېتىشىپ چىققان ئۇ زاتلارنى ـ ساھابە ۋە تابىئىنلارنى بۇرۇن، «كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدىغان ئابىدلەر، كۈندۈزلىرى ئاتلىق پىدائىي جەڭچى» دەپ سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلەيدىغان بولۇشتى. ئۇلارنىڭ شائىرى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن «ئۇ ھەقىقەت» ياكى «قوشۇنلار» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ، بۇ شېئىرنى ھەممە ئادەم يادقا بىلىدۇ:

كېچە بولسا تەكرى! دەپ قەلبىمىز يىغلايدۇ، مۆئمىن بولغاچقا بىز،

نامازگاھنى قاپلايدۇ يىغا ـ غەم ئاخىرەتنى بىلگەچكە بىز.

جەڭگە كىرسەك قەھرىمانىمىز، بىزگە قەست قىلغان كىشى،

بىزنى ئەمەس شىرلارنى كۆرۈر، شىر سۈپەت بولغاچقا بىز.

www.munber.org

مۇشۇ مەزمۇندا ئۇستاز، رەھبەر ھەسەنۇل بەننا «مۇناجات» ناملىق رىسالىسىنى رەتلەپ، ئۇنىڭدا تەھەججۇد ۋە ئەتىگەنلىكتىكى نامازلارنىڭ پەزىلىتى، دۇئا ـ ئىستىغفارنىڭ مەرتىبىسى ۋە شۇ ھەقتىكى ئايەت، ھەدىسلەرنى، باشقا ئەسەرلەردە كەلگەن ئىبادەت ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەندى. ئۇ كىشى كۆپ ھاللاردا، كېچىلىكتە قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسىنى، كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىيامدا تۇرۇشنىڭ، كىشىلەر بىھۇدە ئىشقا غەرق بولىۋاتقان پەيتتە، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بىدار تۇرۇشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ياخشى ئادەملەرنىڭ بىكار تەلەپلەر كۆلىشىۋاتقان پەيتتە، ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلىغانلىقنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەيتتى. ھەمدە ئۇلارغا ئۇستۇن باھا بېرەتتى. ئۇ يەنە بىر شائىرنىڭ پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتەتتى:

ئى تەڭرىم! سەندىن باشقىنى ئىزدەپ كۆزنىڭ ماڭغىنى،
شۇ يولدا ئۇيقۇسىز قالغىنى، ئەخمەق بولغىنى.
سېنى يۇقاتسا دەرھال يىغلاش كېرەكتى،
شۇدۇر ئەكسىچە ئىش قىلسا زايا بولغىنى.
قەلبىگە راھەت بەرگۈچىسەن، ئىگىسى ئۆزۈڭ،
شۇندا ئۇ بولمايدۇ مۇھتاج چىراققا پەقەت.

www.munber.org

قىيامەت كۈنىدە ھۆججەتلەر كەلتۈرسە ھەممە،

بىز ئارزۇ قىلغان جامالىڭ شۇدۇر بىزنىڭ ھۆججەت.

يۇقىرىقىدەك سۆزلەر ۋە ئۇنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەۋېرىش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئەقىللىرى ۋە دىللىرىغا تەسىر قىلغانلىقى نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغان، كۈندۈزلەرنى روزا تۇتۇپ ئۇسسۇزلۇقتا ئۆتكۈزىدىغان، قىشنىڭ سوغۇقلىرى، كېچىلەردە ئىبادەت قىلىشتىن، يازنىڭ ئىسسىقلىرى روزا تۇتۇشتىن تۇسالمايدىغان ئىرادىلىك ئاللاھگۈي بىر زامان ياشلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىبادەتتە مۇنداق مۇستەھكەم تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى: ئۇلار ئۆز رەببىگە تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا، لەززەت، راھەت، زوقلىنىش تاپىدۇ. ئىبادەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئەھۋال، ئىلگىرى بىر ياخشى كىشى تەرىپىدىن ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزگە ئوخشايدۇ: «بۇ ئەھۋالنى پادىشاھلار بىلىپ قالسا، ئۇلار بىزنى قىلغان ئىشلىرىمىز ئۈچۈن چوقۇم قىلىچ بىلەن چېپىۋېتەتتى.»

مەن «تۇر» مەركىزىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغانلارنىڭ سەپلىرىنى ھەمىشە ئەسلەيمەن، بۇرادەرلەرنىڭ بەزىسى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ تەسىرلىك ئاۋازدا مۇنداق دەپ قىرائەت قىلاتتى:

www.munber.org

قوپ! ئورنۇڭدىن ئەي ئۆيقىدا غەرق مەستەك ياتقان كىشى.

ئۆيقىدىن پاك ھەم تىرىك تەڭرىڭنى ئەسلە، بولساڭ مۆئمىن كىشى.

داۋاملىق چاقىرۇر تەڭرىڭ سېنى، ئەسلىمەككە ئۆزىنى،

ھالبۇكى ھالىڭ سېنىڭ، خوپ ئويقىدا مەشغۇل بولۇپ ياتقان كىشى.

بۇ چاغدا كىچىدىكى شۇ ئۇلۇغ سائەتلەردە ئاللاھنىڭ پەزلى ـ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى ۋە ئەتىگەنلەردە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە مۇيەسسەر بولغانلار قاتارىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئۇخلىغانلار ئويغىناتتى، ئېغىرلىشىپ قالغانلار يېنىكلىشەتتى ۋە بىخۇدلۇق بېسىپ قالغانلار سەگەكلىشەتتى.

ناماز ئۆتەش، دۇئا قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، روھلارغا ۋە قەلبلەرگە ئوزۇق تەييارلاش قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ كېچىلىك مەكتەپ، ئەلچىلىكنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ۋارىسلىقىنى مۇستەھكەم، ئىشەنچلىك بىلەن ئۈستىگە ئالالايدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇ يۈك بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈستىگە ئالغان يۈك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا دەۋەتنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خىتاب قىلغانىدى:

www.munber.org

يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡمُزَّمِّلُ قُمِ ٱلَّيۡلَ إِلَّا قَلِيلٗا نِّصۡفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصۡ مِنۡهُ قَلِيلًا أَوۡ زِدۡ عَلَيۡهِ وَرَتِّلِ ٱلۡقُرۡءَانَ تَرۡتِيلًا إِنَّا سَنُلۡقِي عَلَيۡكَ قَوۡلٗا ثَقِيلًا

﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى پەيغەمبەر! كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن! قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز﴾ (سۈرە مۇززەممىل 1 ـ 5 ئايەت).

مۇشۇ مەكتەپتە ـ كېچىلىك ۋە قۇرئان مەكتىۋىدە ـ بىزگە ئىلگىرىكى ئىلغار ئۇممەتنىڭ تەرجىمھالىنى قايتا كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاللاھقا يېقىنلىشىش يولىدىكى ياشلار مەيدانغا كەلدى، بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇشمەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى داۋاملىق روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتىدىغان، ھەتتاكى، ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ مۇشۇ سۈننەتنى تاشلىماي كەلگەنلەرنى تاپىمىز. ئاللاھ ئۇلار سەۋەبلىك بىزگە مەنپەئەت بەرسۇن! ئۇلارنىڭ مۇنداق مۇستەھكەم تۇرۇشى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىن ئىدى: «ھەر قانداق كىشى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، شۇ بىر كۈننىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوزاختىن 70 يىللىق يىراقلاشتۇرىدۇ.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى قاتارلىقلار رىۋايەت

www.munber.org

قىلغان).

بىر قېتىم ئاشۇ مۇجاھىدلار ئىچىدىن بىرى روزا تۇتۇغلۇق كۈنىسىدە يارىدار بولغان بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى نەپەس قالغاندا سۇ كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇرادەرلىرىگە قاراپ: «بولدى، زورلىماڭلار! ئىچمەيمەن، مەن پەرۋەردىگارىمغا روزىدار ھالىتىمدە ئۇچراشنى بەكمۇ خالايمەن» دېگەن ئىدى.

5. ئاللاھنى ئەسلەشكە تەرغىب قىلىش. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا ۝ وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ (سۈرە ئەھزاب 41 ـ 42 ئايەت). ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك كالامى قۇرئاننى ئوقۇشتۇر. قۇرئان ئوقۇغۇچىغا ھەر ھەرپ بەدىلىگە 10 ياخشىلىق بېرىلىدۇ. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرسى: ھەر بىر بۇرادەرنىڭ قۇرئاندىن ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسى بولۇشى، ئۇنى تەجۋىد قائىدىلىرىگە (قۇرئاننى قىرائەت قىلىش قائىدىلىرى) ئۇيغۇن ھالدا توغرا، گۈزەل ئوقۇشى، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ ـ تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇش كېرەك. ئەگەر ئوقۇلىدىغان بىر نەرسە بىلەن تاغ ماڭدۇرۇلىدىغان، زېمىن كېسىلىدىغان (يەنى پارچە ـ پارچە قىلىنىدىغان)، ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان ئىش بولار

www.munber.org

بولسا، ئەلۋەتتە مۇشۇ قۇرئان شۇنداق بولۇشقا ئەڭ لايىق بولاتتى.

ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ شەكىل ـ تۈرلىرى كۆپتۇر. مەسىلەن: تەسبىھ (يەنى ئاللاھنى پاك دەپ تونۇش)، ھەمدۇ ئېيتىش (يەنى ماختاش)، تەھلىل ئېيتىش (يەنى تەۋھىد سۆزىنى ئېيتىش)، تەكبىر ئېيتىش (يەنى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش)، دۇئا قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش (ئاللاھدىن كەچۈرۈم سوراش) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ـ سالام يوللاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ قوللانغان تەربىيىسى، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئاللاھنى زىكرى قىلىش (يەنى ئاللاھنى ئەسلەش)نىڭ شەكىل ـ تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ئاساسەن پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل قىلغانلىقىغا ئېنىق دەلىل بولغانلىرىغىلا ھېرىس بولدى. بۇنداق بولۇشى بىر نەچچە سەۋەبلەردىن:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان دۇئانىڭ شەكىل تۈزۈلۈشىگە، مەيلى مەزمۇن، مەيلى تۈزۈلۈش، مەيلى ئۇسلوب جەھەتتە بولسۇن، ھېچبىر دۇئانىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، شەرىئەت كۆرسەتكەن زىكرى مەزمۇنىنىڭ ئومۇملىقىدا، تىل ئۇستۇنلىكىدە، مەنىسىنىڭ روشەن ۋە تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزە ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ بەركەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەردىن باشقىنىڭ سۆزىگە بەزى ۋاقىتتا بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، بەزىدە ئارتۇقچە كەمەيتىۋېتىش ئارىلىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىرازلىرىغا نىشان بولۇپ

www.munber.org

قالـــدۇ. «شـــەكىلىك نەرســـىنى قويـــۇپ، شەكســـىز نەرســـىگە ئەگىشـــىش لازىم.»

3. شـەرىئەتتە كۆرسىتىلگـەن زىكرىـدە ئىككـى تۈرلـۈك ئـەجىر بـار: (1) زىكرىنىـــڭ ئـــەجرى. (2) رەســـۇلۇللاھنىڭ دېگـــىنىنى قىلغـــانلىقى ئۈچـــۈن رەســـۇلۇللاھقا ئەگەشـــكەنلىك ئـــەجرى. ئـــەقىللىق كىشـــى ئـــۆز ئىبادىتىنىـــڭ ئـــەجرىنى كىتـــاپ بويىچـــە قىلمـــاي زايـــا قىلىۋېتىشـــنى خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

هـەر قانـداق ئىبـادەت كۆرسـەتمە بويىچـە بولۇشـى لازىـم بولغىنـى ئۈچۈن، شەھىد، ئىمام ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى سۈننەتكە لايىـق دۇئـا ۋە زىكرىلـەرنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان بىـر رىسـالىنى يېزىـپ چىقىشـقا بـەك ئەھمىيـەت بېرىـپ، پۈتكەندىن كېيىـن ئـۇنى «المأثورات» (ئەلمەئسۇرات يەنى ئەسەر قالدۇرۇلغان دۇئا ۋە زىكرىلەر) دەپ ئاتىـدى. ئۇستاز بۇ رىسالىسـىنى ئىمام نەۋەۋىينىڭ «الأذكار» (ئەل ئەزكار يەنى زىكىـرلار) نـامىلىق كىتابىـدىن ۋە «شەيخۇلئىسـلام» (يـەنى ئىسـلام پېشـۋاسى) ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الكلم الطيب» (ئەلكەلىمۇت تايىيىبۇ يەنى ياخشى سۆزى) نامىلىق كىتابىدىن تاللاپ يېزىپ چىققان ئىدى.

«مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار» تەشـكىلاتىدىكى بۇرادەرلـەر ئۇسـتاز يازغان ھېلىقى رىسالىنى قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ يۈرۈيدۇ، ئۇنى ياد بىلمەيـدىغانلار يـوق دېيـەرلىك. ئـۇلار ئـۇ رىسـالىنى ئەتىگـەن ـ كـەچ تەرەپـتە داۋاملىـق ئوقۇيـدۇ، بۇرادەرلـەر ئىچىـدىن، شـۇ رىسـالىدىكى دۇئـالارنى مۇناسـىپ ئـورۇنلار، مۇناسـىپ ۋاقىتلاردا قىلىشـنى كۆڭلىگـە كەلتۈرۈش، ئىسـىگە سېلىش ۋاسىتىسـى قىلىـپ ياتـاق ئۆيىگـە، ياتقانـدا ۋە ئورنىـدىن تۇرغانـدا ئوقۇيـدىغان دۇئـا يېزىلغـان تـاختىنى ئېسـىپ

www.munber.org

قويىدىغان، تاماق ئۆيىگە تاماق يېگەندە ۋە يەپ بولغاندا ئوقۇيدىغان دۇئالار يېزىلغان تاختىنى ئېسىپ قويىدىغان، دەرۋازىغا كىرىش ـ چىقىشتا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى يېزىپ قويىدىغان، ماشىنىغا سەپەرگە چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى ئېسىپ قويىدىغانلىرى بار ئىدى.

دىنى تۇيغۇنى ئويغىتىش، روھى تۇرتكىنى ئۆستۈرۈش، يامان ئىشقا بۇيرىغۇچى نەپسىنى ياخشىلىققا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر «ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش جەدۋىلى» ئىجاد قىلىپ چىقتى، بۇ جەدۋەل ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قويىدىغان سۇئاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىنسان بۇ سۇئاللار كاتەكچىسىگە «ئورۇنلىدىم» ياكى «ئورۇنلىيالمىدىم» دەپ يېزىشى، ئۇ ئىشلارنى كەچتە يېتىشتىن بۇرۇن ئورۇنلىشى لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق قىلغاندا، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ياكى ئورۇنلىيالمىغانلىقىنى، بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش بولسا، ئۆزى بىلەن نەپسى ئوتتۇرىسىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا نازارەتچى يوق، ئۇنىڭ ئىنساۋىغا، راستچىللىقىغا تاپشۇرۇلغان.

ئۇ سۇئاللارنىڭ بەزىسى مۇنداق:

كۈندە بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلدىڭمۇ ـ يوق؟

ئۇنى جامائەت بىلەن ئۆتىدىڭمۇ ـ يوق؟

قۇرئاندىن كۈندىلىك ئوقۇش ۋەزىپەڭنى ئادا قىلالىدىڭمۇ ـ يوق؟

سۈننەتكە لايىق دۇئالاردىن ئوقۇيالىدىڭمۇ ـ يوق؟

www.munber.org

ئاللاھنى ئەسلەپ دوست بولغان بۇرادەرلىرىڭنى يوقلىيالىدىڭمۇ ـ قانداق؟.....

« مۇسۇلمان قېرىنداشلار » تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر، ئۆز ۋەتەنلىرىگە ۋە دەۋىتىنى قانات يايدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ھېچكىمگە مىننەت قىلماستىن تەقدىم قىلدى، بەلكى ئاللاھ، ئۇلارنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلىپ مىننەت قىلدى (يەنى ئېھسان قىلدى)، ئۇلارغا گەرچە پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋە 1948 ـ، 1954 ـ، 1965 ـ يىللىرىغىچە « ناسىرىيە »[1] زامانلىرىدا قاتمۇ ـ قات جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئازاب قامچىلىرى ئۈزۈلمەي تېگىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن بۇ مۇسىبەتلەرگە باش ئەگمەي، بوشاشماي، ئاجىزلاشماي، مۇستەھكەم تۇردى. ھەتتاكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېتقا تالىتىش ئارقىلىق جازالانغانلىرى، قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن بەدەنلىرى داغلانغانلىرى، تۆمۈر قارماقلار بىلەن بەدەنلىرى تىتىۋېتىلگەنلىرى، قوزغىلاڭ دەۋرىدە 20 يىللاپ ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىرى، ئاشكارا ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى، « تۇررە لەيمان »دا[2] بوزغۇزلانغانلىرى، قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى..... بار بولۇپ، ئۇلار نەچچە ئونلىغان كىشىلەركى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋى ئىزلىرى كۆمۈلۈپ كەتكەن، بۇنداق پەردە ئۇلاردىن كۆتۈرۈلىشى، تارىخ ئۇلارنى تونۇشى كېرەك ۋە تونۇشى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە گۇناھسىز دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىرى بار. يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى

www.munber.org

---

[1] 1958 ـ يىلىدىكى مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جامال ئابدۇنناسىرنىڭ زامانلىرىنى دېمەكچى بولسا كېرەك ـ ت

[2] نىل دەرياسىنىڭ شەرقى بويىدىكى قەدىمقى كەنتە ئىسمى ـ ت.

مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كاپىر بولغان ياكى زىنا قىلغان ياكى ياھىشە بىلەن شۇغۇللانغان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھى «پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، قانۇنىم قۇرئان» دېگەنلىكلىرى ئىدى. مانا بۇنداق باش ئەگمەي تۇرۇش، ئىسلامنىڭ تەربىيە ئاساسى بولغان ئىماننى ئاساس قىلغان تەربىيە نەتىجىسى ئىدى.

ئىنساننىڭ گۇناھ قىلغىنى ئانچە يات سانالمىسىمۇ، ئەمما تەۋبە قىلماي داۋاملىق گۇناھ قىلىشى يات، ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ گۇناھ قىلىپ سالغان، دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ گۇناھى كەچۈرۈلگەن ئىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ رَبَّهُۥ فَغَوَىٰ ثُمَّ ٱجْتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَتَابَ عَلَيْهِ وَهَدَىٰ

﴿ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى﴾ (سۈرە تاھا 121 ـ 122 ئايەت). لېكىن ئىبلىس گۇناھ قىلدى، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھدىن كەچۈرۈم سورىمىغان ۋە ئۆزرە ئېيتمىغان. بەلكى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە باش ئەگمەستىن چوڭلۇق قىلىپ ئەمرىگە قۇللۇق بىلدۈرمەي مۇنداق دېگەن ئىدى:

أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِى مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ

www.munber.org

﴿مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾ (سۈرە ئەئراف 12 ـ ئايەت). ئەمدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جۈپتىنىڭ، ئىبلىس ـ شەيتاننىڭ گېپىنىڭ ئەكسىنى قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى، ئۇ ئىككىسى مۇنداق دېگەنىدى:

رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾ (سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت). ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جۈپتىنىڭ گۇناھى، كۆڭۈل ئارزۇسى ۋە غەپلەتتىن كېلىپ چىققانىدى (يەنى ئاللاھ توسقان مېۋىدىن يەپ سالغان ئىدى)، لېكىن كەينىدىنلا ھەقىقىي پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ كەچۈرۈم قىلدى. ئىبلىسنىڭ گۇناھى بولسا، ئاللاھقا چوڭلۇق قىلىش، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق، ئىتائەتتىن باش تارتىشلار ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇ مەلئۇننى (رەھمىتىدىن) قوغلاندى قىلىپ قىيامەت كۈنىگىچە لەنەتكە گىرىپتار قىلىپ قويدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دىكى بۇرادەرلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇيرۇقلارغا خىلاپلىق قىلىپ ياكى توسقان ئىشلارنى

www.munber.org

قىلىپ سېلىپ، خاتالىق سادىر قىلغانلىرىنى ئۆچۈرتىپ سېلىشىمىز ئۈنچە يات ئىش ئەمەس. خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەر پۇشايماننى، كەچۈرۈم سوراشنى ئۈنتۇمايدىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى.

ھەقىقىي پۇشايمان، راستچىللىق بىلەن ئېيتىلغان ئىستىغپار بولسا، قەلب شىپاھ تېپىش ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان ئەڭ ياخشى ئامالدۇر. مانا تەلەپكە لايىق بولغان بۇ تەۋبە ـ ئىستىغپار، ئىنساندا ئۆز گۇناھىنى سىزىش، ئاللاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇش، ئاللاھقا چىن بەندىچىلىك قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ خارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق يالۋۇرۇش قاتارلىقلار بولغاندىلا بارلىققا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە (يەنى كەمچىلىك كەينىدىن يۈز بېرىدىغان يوقىرىقىدەك خالىس تەۋبە ـ ئىستىغپار قىلىش بىلەن بىرگە)، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دېگەن بۇرادەرلەر ئۆزلىرىگە يەتكەن ئازار ـ كۆلپەتلەر ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بېغىشلىدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار جانلىرىنى، ماللىرىنى ئاللاھقا ساتتى (يەنى ئۇلار جانلىرىنى، ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىۋەتتى)، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇنىڭ بەدىلىگە جەننەتنى ساتتى (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا جانلىرىنىڭ، ماللىرىنىڭ بەدىلىگە جەننەتنى ۋەدە قىلدى)، ئۇلار بۇ سودىدىكى پايدىنى ھەرگىز ئاز سانىمايدۇ، سودىدىنمۇ يانمايدۇ، ئاللاھ خالىسا ياندىغان ئىشنىمۇ ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇلار بۇ سودىدا جەننەتنىڭ بەدىلىگە دۇنيانىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنى قامىغان، قىينىغان، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلغان، ئەسىرلىرىنى ئاچلىقتا قويغان،

www.munber.org

قېرىنداشلىرىنى مەخپىي ياكى ئاشكارا ھالدا ئۆلتۈرىۋەتكەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ جاللاتلاردىن بىرەرسىنى تۇتقۇن قىلغانلىقى ياكى قورال ئارقىلىق زەربە بەرگەنلىكىنى ھېچبىر كىشى ئاڭلاپ باققىنى يوق. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان بولسا، ئۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيىتى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپتىن چېنىقىپ پىشىپ يېتىلگەن، يەھۇدىلارنى قورقۇتۇپ يۈرەكلىرىنى تىترەتكەن، ئىنگلىزلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ۋەيران قىلغان باتۇرلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى بۇنداق ھەر تۈرلۈك خىياللارغا يول قويماستىن، بەلكى قىلغان ھەممە دۈشمەنلىكلىرىنى ئاللاھقا قويۇپ قويىدى. ئاللاھ ئەشۇ بىگۇناھ قىينالغان بۇرادەرلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇلاردىن بىر- بىرلەپ ئېلىپ بەردى. ئاللاھ ئىنسانلار ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھالدا، چوڭ- كىچىك چالا قويماي ئىنتىقام ئالغۇچى ۋە دۈشمەنلەرنى خار قىلغۇچىدۇر.

بۇرادەرلەر ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ئاشۇ ياللاقچى جاللاتلارنىڭ خارلىق، بىچارىلىك، ساراڭلىق، تۈرلۈك كېسەللىككە ۋە ئېچىنارلىق ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە، ئۆلۈمگە دۇچار بولۇپ ھەسرەت- نادامەت چەككەنلىكلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇستاز ھۇزەيبى (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئادەم، مەن شۇ جەرياندا بىزنى تۈرمىگە سولىغان كىشىلەرنىڭ كېيىن تۈرمىگە سولانغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلار تۈرمىگە كىچىك باللاردەك ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتى كىرگەندى. مەن ۋە باشقا بۇرادەرلىرىم تۈرمىگە سولانغان ۋاقتىمىزدا،

www.munber.org

ئۇلارنىڭ ئەكسىچە مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ، قەھرىمانلارچە كۈلۈپ كىرگەن ئىدۇق.»

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سۈپ ـ سۈزۈك ئىلاھى تەربىيەدە ئوخشاش بىر سەۋىيەدە ئىدى دېمەكچى ئەمەس. مەن راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ دېيەلەيمەنكى: مۇنەۋۋەر ئىلاھى تەربىيە تەبئىتى ئۇلارغا غالىب بولغان، كۆپ ساندىكىلىرىگە نازارەتچى بولغان ئىدى. ئىتائەت قىلىش ئومۇملاشقان، ئاسىيلىق قىلىش ئاندا ـ ساندا، ئاز قالغان، بەلكى يوق دېيەرلىك ھالدا ئىدى.

ئۇلار چوڭ ئارزۇنى نىشان قىلىپ كىچىك ھەۋەسلەردىن، ئاخىرەتنىڭ خۇش خەۋەرلىرىنى كۆزلەپ دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىدىن، ئاممىۋى مەسىلىلەرنى كۆزلەپ شەخسىي مەنپەئەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ئىدى. ئۇلاردىن بىر كىشىنى شەيتان قۇترىتىپ قەدىمى سەل تېيىلسىلا، دەرھال ۋىجدانى ئويغىنىپ، قەلبى ئەسلىگە كېلىپ، تەۋبە ئىشىكىنى پۇشايمان قىلغان، يىغلىغان، تەۋبە قىلغان ھالدا قاقىدۇ.

مەن ھەمىشە بىر ياش يىگىتنى ئەسلەيمەنكى، ئۇنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: ئۇ يىگىت ياشلىق باھارىدا، قەلبىنىڭ غەپلىتى، روھىي ئاجىزلىقى ئاستىدا، تەبئىتىگە بويسۇنۇپ كېتىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان، ئۇندىن كېيىن ئۆزىنى پاكلىقتىن نىجاسەتكە، توغرا يولدىن تۈيۈق يولغا، روھلۇق ھالىتىدىن چۈشكۈنلۈككە مېڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ كاللىسىنى سىلكىدى ۋە تائەت ـ ئىبادەتنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، ئاسىيلىقنىڭ

www.munber.org

ئاچچىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نەچچە كۈننى ئۆز ـ ئۆيىدە ئۆز ـ ئۆزىگە يىغلاپ، نەپسى قىستىلىۋاتقاندەك، شۇنچە كەڭ زېمىن تار كېلىۋاتقاندەك، چوڭقۇر چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يېتىپ، بىر ئادەمگىمۇ ئۇچرىماي، ياتىقىدىن سىرتقا چىقماي، ئاللاھدىن ھايا قىلىپ، ئۆزىدىن خىجىل بولۇپ، بۇرادەرلىرىدىن قېچىپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بىلەن مەندىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ سۆزلەشكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

ئەگەر مەن ئۇنىڭغا تەۋبە توغرىسىدا، مەغپىرەت توغرىسىدا ئۈمىد بارلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە خەت يازمىغان بولسام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشىلىقى خۇشال قىلىدىغان، يامانلىقى ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئادەم مۆئمىن» دېگەن ھەدىسىنى، ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ: «ئۆزەڭنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ياخشىلىقتىن، ئىچىڭنى پۇشۇرىدىغان يامانلىق ياخشى» دېگەن سۆزىنى ۋە ئىبنى ئاتائۇللاھ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ: «تولا ۋاقىتتا تائەت ـ ئىبادەت ئىشىكى ئېچىلىدۇ، مەقبۇللۇق ئىشىكى ئېچىلمايدۇ. ساڭا بەزى ۋاقىتتا گۇناھ تەقدىر قىلىنىدۇ، ئەشۇ گۇناھ ساۋاپقا ئېرىشىشىڭگە سەۋەب بولىدۇ، چۈنكى، گۇناھ تەۋبە قىلىشقا، ئۆزىنى ئاللاھ ئالدىدا خار، تۆۋەن تۇتۇشقا سەۋەب بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق گۇناھ چوڭلۇقنى، مەغرۇرلۇقنى، ئەجەبلىنىشنى كەلتۈرىدىغان ياخشىلىقتىن ياخشى» دېگەن سۆزىنى ئەسلەتمىگەن بولسام، ئۇ يىگىتنىڭ ئىستىقبالى نېمە بولۇر ئىدىكىن؟!

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە:

www.munber.org

يۇقىرىقى سۆزلەردىن «گۇناھ ھەر قانداق ياخشىلىقتىن ياخشى» دېگەن مەنا چىقماستىن، بەلكى، ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەنا چىقىدۇ:

1. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا قارىتا، چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق، ئۆزىنى كۆرۈپ قىلىش.... قاتارلىقلار قەتئىي بولماسلىقىنىڭ لازىملىقى، بەلكى زۆرۈرلىكى.

2. گۇناھ قىلغۇچىلارنىڭ قىلىپ سالغان گۇناھلىرى تۈپەيلى، روھىي چۈشكۈنلۈك، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنەلمەسلىك..... قاتارلىقلارغا ئۇچراپ ئاللاھنىڭ ئىلتىپات ـ مەرھەمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكنىڭ لازىملىقى.

www.munber.org

# مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق بولۇش

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر چۈشەنگەن ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن پېتى بولغان تاكامۇللىشىش ۋە ئەتراپلىق، ھەممە تەرەپتە ئوخشاش تەربىيىلىنىپ يېتىشىش ئىسلام تەربىيىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.

ئىسلام تەربىيىسى ئىنسانىنىڭ ئەمەلىي تەرەپلىرى ئىچىدىن بىر تەرەپكىلا، خۇددى ھەر بىر ساھەدىكى كىشىلەر ئۆز ساھەسىدىكى خىزمىتىگىلا ئەھمىيەت بەرگەندەك، قايسىبىر تەرەپتىنلا ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىشسە، شۇنىڭغا قانائەتلىنىپ قېلىپ ئۆز ساھەسىنى ئاساس قىلغان بىر خىل تەرەپنىلا تۇتۇۋالغاندەك قىلماستىن ھەممە تەرەپتىن ئەتراپلىق تەربىيىلەشنى مۇھىم بىلىدۇ.

تەسەۋۋۇپچىلار ۋە ئەخلاقشۇناسلار ئەھمىيەت بېرىدىغان روھىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپكە پۈتۈن ئەھمىيىتىنى قارىتىپمۇ تۇرىۋالالمايدۇ. ئەقىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئەھمىيەت بەرگەن پىكرى تەرەپكىلا توختىلىپمۇ قالمايدۇ. يەنە ئۇ تەربىيە ئەسكەرلەر قىزىقىدىغان چېنىقىش ۋە ئەسكەر بولۇشلارغا پۈتۈن ھىممىتىنى قارىتىپ باشقىسىنى تاشلاپمۇ قويمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ بارلىق قىزىقىشىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلاردەك ئىجتىمائىي تەربىيەگىلا قارىتىپ تۇرىۋالمايدۇ.

ئىسلام تەربىيىسى ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىگە پۈتۈن ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ھەر تۈرلۈك تەربىيىلىنىشكە

www.munber.org

رىغبەتلەندۈرىدۇ. مانا بۇنداق تەربىيە ئىنساننىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، ئەقلىنى، قەلبىنى، روھىنى، بەدىنىنى، ئەخلاقىنى، مىجەز - خۇلقىنى، ئىدىيەۋى تونۇشىنى تەربىيەلەيدىغان، شۇنىڭدەك، ئۇ ئىنساننى ھاياتنىڭ خوشاللىقى، خاپىلىقى، تىنچلىقى، بىئاراملىقىغا تەربىيىلەيدۇ. ھەمدە ئۇنى ياخشىلىق، يامانلىق، خۇشاللىق، خاپىلىق قاپلىغان جەمئىيەتكە قارشى تۇرالايدىغان قىلىپ تەييارلايدۇ. ئىجتىمائىي تەربىيە ۋە كۆرەش قىلىش تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەي بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، شەخسىي باشقا جايدا، ئەتراپىدىكى جامائە باشقا جايدا ياشاشتىن ئىبارەت بىرلىكسىز ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسلام ئۆزىنىڭ تاكامۇللىقى ۋە ئەتراپلىقلىقى بىلەن ئەقىدە، ئىبادەت ۋە قانۇن مەيدانىدا ئۆزگىچە بولغاندەك، تەربىيە مەيدانىدىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

مەن تۆۋەندىكى بەتلەردە «بۇرادەرلەر» تەربىيىسى، ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئەھمىيەت بەرگەن ئاساسى تەرەپلەرنى قىسقارتىپ - قېرىنداشلار چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلغان پېتى سۆزلەيمەن.

روھىي تەرەپىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلاھىي تەربىيە تەرىپىنى يۇقىرىدا ئايرىم - ئايرىم سۆزلەپ ئۆتتۇم، ھەم بۇ تەربىيەنىڭ ئۆزى يالغۇز ھالدا، ئىسلام تەربىيىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، بەلكى ئاۋۋالقى خۇسۇسىيىتى بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم.

www.munber.org

## ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئىنسانىكى ئەقلىي تەرەپكە بولغان قارىشى

« مۇسۇلمان قېرىنداشلار » تەشكىلاتىدىكى قېرىنداشلار، ئىسلامنىڭ ئەقىلگە بەك ھۆرمەت قىلغانلىقىغا ئەگىشىپ، مۇشۇ تەرەپكە بەك چوڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بىرىنچى ئايەت مانا بۇ:

ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾ (سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەت).

(ئوقۇتۇش، بىلىم ئېلىش دېگەن ئەقىل بىلەن بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ.)

ئىسلام ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇنى دەۋەتنىڭ ئاساسلىق نوقتىسى قىلىدىغان، مۇكاپات ـ جازانىڭ يادروسى قىلىدىغان دىندۇر. قۇرئان بولسا، «أفلا يعقلون» « ئۇلار ئەقىل ئىشلەتمەمدۇ؟ »، «أفلا تتفكرون» « تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟ »، **«لأية لقوم يعقلون»** « ئەقلى بار قەۋم ئۈچۈن دەلىل بار »، «لقوم يتفكرون» « تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن »، **«لأولى الألباب، لأولي النهى»** « ئەقىل ئىگىلىرىگە »..... دېگەن ئايەتلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكىتۇر.

ئىسلام كۆرسەتمىسىدە، تەپەككۇر قىلىش ئىبادەت، ھۆججەت تەلەپ قىلىش ۋاجىب، ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرز، ئىنتىلمەسلىك رەزىللىك،

www.munber.org

قارىغۇلارچە ئەگىشىش جىنايەت دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئىسلام مۇسۇلماندىن ئۆز رەببىنى دەلىل ئارقىلىق تونۇشنى، ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ ئەقلىي قاراشقا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قارىغۇلارچە ئىيتقان ئىمانىنى قوبۇل قىلمايدۇ، مۇستەقىل پىكىر ئىشلىتەلمەيدىغان، باشقىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىدىغان، تەپەككۇر قىلماي، دەلىل سوراشتە قىلمايلا، يېتىلگەن ئادەمنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ كېتىدىغان ئادەمدىن رازى بولمايدۇ، ھەمدە خالىمايدۇ. بەلكى، ئىسلام ئەقىل ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش لازىم دەپ كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ قانداقلا كىشىگە ياخشىلىقنى ئىراده قىلسا، ئۇنى دىندا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.»

ئىنساننىڭ ھايات يولى ـ كائىناتنى، ھايات يولىنى، ئىنسانىي بۇرچىنى تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت بىر كۆرگەزمە سۈرەت بولغىنى ئۈچۈن، ئەقلىي تەربىيىمۇ (تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىل بىلەن بولغاچ) ئىمانىي تەربىيە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، روھىي تەربىيە مۇھىم بولغاندەك مۇھىمدۇر دېسەك ئەجەبلىنەرلىك بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا «دىننى چۈشىنىش»نى بەيئەت ئاساسلىرىنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ بىكىتتى ۋە ئۇنى ئىخلاس، ئەمەل، جىھاد، قېرىنداشلىق قاتارلىق ئاساسلىق دەۋەت ئاساسلىرىغا ئىگە قىلدى، چۈنكى، چۈشىنىش (چۈشۈنۈشمۇ ئەقىل بىلەن بولىدۇ دېمەكچى) ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ھەرقانداق كىشى ھەققە ئىخلاس قىلىش، ئۇنى ئىجرا قىلىش ۋە شۇ يولدا كۈرەش قىلىشقا،

www.munber.org

شۇ ھەقنى تونۇغان ۋە چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئاتلىنالايدۇ.

قۇرئان ئىلىمنى ۋە شۇ ئىلىمنىڭ نەتىجىسى ياكى ھوسۇلى بولغان ئىمان ۋە باش ئېگىشتىن ئىلگىرى كەلتۈردۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلِيَعۡلَمَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَيُؤۡمِنُواْ بِهِۦ فَتُخۡبِتَ لَهُۥ قُلُوبُهُمۡۗ

﴿(ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر﴾ (سۈرە ھەج 54 ـ ئايەت).

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ جامائەتنىڭ غەرەزلىرىنى ۋە ھەرىكەت ـ نىشانلىرىنى بايان قىلىشتىكى ئاساسى تۈزۈم ـ ئىنتىزام ھەققىدە بىر كىتاۋى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا «ئىلمىي غەرەز» دېگەن بىر ماۋزۇ بار بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ دەۋىتىنى ئۆز خاراكتېرى ۋە ئەتراپلىقلىقىغا باپ، زامان روھىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە كىشىلەرنىڭ زېھنىگە توغرا قىلىپ بېرەلەيدىغان ھەمدە ئۇ دەۋەتتىن ئاساسسىز سۆزلەرنى ۋە گۇمانىي قاراشلارنى رەت قىلالايدىغان ئالاھىدە بىر شەرھىيسى بىلەن يېزىلىپ چىققان ئىدى.

ئىككىنچى نىشان: «ئەمەلىي غەرەز» بولۇپ، بۇ نىشان كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى، نەپسلىرىنى قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىغا جۈغلاش، ئۇلاردا قۇرئاننىڭ ئۇلۇغ تەسىراتلىرىنى يېخلاش..... ئارقىلىق

www.munber.org

ۋە مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ۋاستىلىرى بولغان ئوخشاشمىغان تۈردىكى دىنىي دەۋەتنى تارتىش، نەشرىيات، تەربىيە يوللىرى ئارقىلىق، قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىگە ھەيئەت ئەزالىرى تەبئىتىدە (ئاڭلىق، رىتىملىق ھالدا) دەۋەت قىلىش، ئۇ دەۋەتنى ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە شەخسىي ۋە ئائىلىلەر بويىچە ئورنىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ھەر جەھەتتە، مەسىلەن: جىسمانىي جەھەتتە چېنىقىش بىلەن، روھى جەھەتتە ئىبادەت قىلىش بىلەن، ئەقلىي جەھەتتە ئىلىم ـ بىلىم بىلەن يېتىلدۈرۈپ، يارامىلىق ـ كېرەكلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ «مۇسۇلمانلارنى ئەقلىي ئاساستا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاڭ ـ سەۋىيە ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.» دېگەن بىر پرىنسىپى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ پرىنسىپنى ئۆزلىرىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى، تەربىيە پروگراممىسىنىڭ باش قىسمى قىلىپ بىكىتكەن ھەمدە ئۇ پرىنسىپنى باش پروگراما قىلىپ بېكىتكەن. ئاشۇ تەربىيە ئۇسۇلى يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئىككى غەرەزنى ئاساس قىلغان.

بۇ يەردىكى ئەقلىي ئاساستا بارلىققا كەلتۈرۈش دېگەن سۆز: دىنىنى ۋە ھاياتنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالارلىق بولغان ئەقلىي بارلىققا كەلتۈرۈش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ دېگەن سۆزدۇر. شۇ مەزمۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىدىكى ئاڭلىقلىقتىن ئۆز ئەقىدىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىبادەتنى توغرا بەلگىلەپ بېرەلەيدىغان، ئەقىدە يولىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېرەلەيدىغان، ھالال ـ

www.munber.org

هارام، بۇيرۇق ـ تۇسۇش قاتارلىق ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە توختىتالايدىغان دەرىجىدە ئاڭلىقلىق هاسىل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ نۇرىدا هادىسىلەرگە، شەخسلەرگە، كىشىلەرنىڭ هايات مەيدانلىرىغا ۋە تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئىسلامنىڭ تېگى ـ ماھىيىتىدىن نەزەر سالىدىغان ۋە ئىسلامىي پىرىنسىپ بىلەن هۆكۈم قىلىدىغان مۇسۇلمانغا لايىق ئەقىل بىلەن هۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك هەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ئەتراپىدىكى هاياتنى، ئۇ هايات قانداق ماڭىدۇ؟ قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ قانداق تەسىر قالدۇرىدۇ؟ هاياتنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئامىلى نېمە؟ ئۇلارنى چۈشىنىش بەكمۇ زۆرۈر.

هەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەر ئۆزى ياشاۋاتقان كەنت ـ شەھەرگە ئوخشاش كىچىك جەمئىيەتنى، جۇغراپىيە ياكى سىياسىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ـ تونۇشى، كېيىن ۋەتەنگە ئوخشاش ئوتتۇرا هال جەمئىيەتنى تونۇشى، ئۇندىن كېيىن چوڭ ۋەتەن ـ ئەرەب ۋەتىنىنى ـ قولتۇقتىن ئوكيانغىچە، ئۇندىن كېيىن ئەڭ چوڭ ۋەتەن ـ ئىسلام ۋەتىنىنى تونۇشى تېخىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە. ھەمدە يەھۇدى، خىرىستىئان، خۇداسىزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكىگە كىرىۋالغان مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلغۇچىلار، دورامچىلار، ئاداۋەتچىلەر، پۇلپەرەس سىستېمىلار ۋە ئۇندىن باشقا مەنسەپكە قول بولغانلار قاتارلىق دۈشمەن خىزمەتچىلىرىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانغا قارشى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى هەر بىر مۇسۇلماننىڭ تونۇۋېلىشى ئالاھىدە مۇھىم بىر مەسىلە.

يۇقىرىقى مەسىلىنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى

www.munber.org

بۆرادەرلەرنىڭ ئاڭلىقلىقنى ئاساس قىلغان تەربىيە پروگراممىسى كامىل ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە دەپ قارىغان مەسىلىدۇر.

ئىسلام تەربىيىسى مەيدانىدىكى ھەر بىر خەۋەر ۋە باشقا تۆردىكى خەۋەرلەرگە ئاساسلىنىپ ئاڭلىقلىق تەربىيىسى ھەققىدە يەنە بىر ئاز يازماقچىمەن.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۆرادەرلەر ئىسلامنى كونا ۋە يېڭى چۈشىنىشتە چۈشەندى. بۆرادەرلەرنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىشى خالايىققا، ھەتتاكى مۇسۇلمانلارغىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇپ قالغان ئىدى.

بۆرادەرلەر ئىسلام دىگەن: دىن، دۆلەت، ئىبادەت، رەھبەرلىك، روھانىيلىق، ئەمەلىيەت، ناماز، جىھاد قىلىش، قۇرئان ۋە قىلىچ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتا يات يېڭى بىر گەپ ئوتتۇرىغا چىقتى دىگەندى. شۇڭا، خالايىقنىڭ تىلى بۇيىچە يېڭىچە چۈشىنىش دەپ ئاتاپ قويدۇق. شۇ ھەرىكەتنى تەسىس قىلغۇچى ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «20 ئاساس» نىڭ بىرىنچىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ھاياتنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممىگە ئەتراپلىق نەزەر سالىدىغان ئىنتىزامدۇر. ئىسلام ـ دۆلەت ۋە ۋەتەندۇر ياكى ھۆكۈمەت ۋە ئۇممەتتۇر، ئىسلام جىھاد ۋە چاقىرىقتۇر ياكى ئەسكەر ۋە پىكىر قىلىشتۇر، ئىسلام ـ مەدەنىيەت ۋە قانۇندۇر ياكى ئىلىم ۋە ھۆكۈم قىلىشتۇر، ئىسلام ـ ئەخلاق ۋە قۇۋۋەتتۇر ياكى رەھمەت ۋە ئادالەتتۇر، ئىسلام ـ ماددا ۋە بايلىقتۇر ياكى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە سانائەتتۇر، ئىسلام ـ سالامەت، پاكىزە ئەقىدە ۋە توغرا ئىبادەتتۇر،

www.munber.org

دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى ئوخشاش تۇتىدۇ.»

غەربلىكلەر ـ خىرىستىئانلار دىننى «دىن دېگەن: ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بولۇپ، دىننىڭ ئورنى مەسجىد ۋە ئىبادەتخانىلاردىنلا ئىبارەت، دىننىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ئالاقىسى يوق» دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ چۈشەنچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇرادەرلەرنى «دىن بىلەن سىياسەت ئوتتۇرىسىنى ئايرىلاشتۇرۇپ بىرلەشتۇرۇپ قويىدى» دەپ ئەيىبلەشلىرىگە ۋاستىمۇ بولۇپ قالدى.

ئىسلامنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىش كىشىلەرگە يېڭى تويۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ چۈشەنچىنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىسلامى» دەپ ئاتىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ چۈشەنچە ئىسلام ئۆزى تەقدىم قىلغان قەدىمقى، ئەڭ دەسلەپكى چۈشەنچە ئىدى. چۈنكى، بۇ چۈشەنچە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا سەممىيلىك بىلەن ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ «بىزنىڭ ئىسلامىمىز قۇرئان ۋە سۈننەت كۆرسەتكەن يول» دەپ چۈشەنگەن چۈشەنچىسىدۇر.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشى چوڭ ئىككى ئىش سەۋەبىدىن ناچارلىشىپ كەتتى:

1. «ئارقىدا قېلىش» دەۋرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئورنىشىپ قېلىپ، بۇ چۈشكۈنلۈك، چېكىنىش، ئارقىدا قېلىش زامانلىرىدىن تېزراق قۇتۇلالمىغانلىقى، شۇ دەۋرنىڭ مۇددىتىنىڭ ئاز بولمىغانلىقى، شۇ زامانلاردا ئازغۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشى، ناتوغرا كۆز

www.munber.org

قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى توغرا قىلىپ كۆرستىشى ۋە بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ قۇرئان مەنىسىنى مەقسەتلىك ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈرۈشى، بىر تەرەپتىن ئىسلام ئىچىگە يامان تەسەۋۋۇرلار، بىدئەتلەر (يەنى دىندا يوق ئىشلار) ۋە خاتا ـ شالغۇت ئىشلارنى پەيدا قىلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ گۈزەل جامالىنى باشقىلارغا قەبىھ كۆرستىپ، ئىسلامنىڭ بىرلىك، ئىناقلىق ئاساسىنى بوشىتىپ ئىسلامنىڭ ھۆكۈم ۋە تەلىملىرىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن، كېيىن مەيدانغا چىقىرىلىشىغا تېگىشلىك بولغىنى بۇرۇن، بۇرۇن مەيدانغا چىقىشقا تېگىشلىك بولغىنى كېيىن، چوڭ بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنى كىچىك، كىچىك بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنى چوڭ بولۇشتەك نورمالسىز ئەھۋاللارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ قارىغۇلارچە ئەگىشىش، مەزھەب، تەرەپكەشلىك قىلىش ئەۋج ئالغانلىقى..... قاتارلىقلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى توغرا چۈشىنىشىگە تەسىر يەتكۈزگەن بىرىنچى مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ.

2. چەتئەللىكلەر مۇسۇلمانلارنى ئىشغال قىلىۋالغان دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئاق ـ پىكرىنى مۇسۇلمانلارغا سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆز پىكىرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا يېقى ـ يېقى چۈشەنچە ۋە روھىي پىكىرلەر ھالىتىدە كىرگۈزدى. بۇ پىكىرلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا راۋاج تېپىپ ئورۇنلىشىپ قېلىشىغا «تەربىيە ـ تەلىم ئاساسلىرى، مەدەنىيەتلەشتۇرۇش، ئىنتىلدۇرۇش» مۇئەسسەسىلىرى يېقىندىن ياردەمدە بولدى[1].

---

[1] ھەر قانداق ئۆزگەرتىش مائارىپ ئارقىلىق ياشلار بىلەن باشلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت ـ ت.

www.munber.org

ئەنە شۇ پىكىر قۇللۇقىغا ياردەم بەرگەن ئەڭ خەتەرلىك ئامىل: ئاشۇ ئىشغالىيەتچى مەلئۇنلارنىڭ شۇ پىكىر قۇللۇقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان هالدا، ئۆزلىرى بۇيرىغان بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ چەتئەل سۈتىنى ئەمدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ هايات پەلسەپىسىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيەسىنى ئۆگىتىپ، يولىيۇرۇقلىرىنى ئاغزىغا تاشلاپ بىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى قوللايدىغان، زىيالىي ئاتالغان بىر بۆلۈك مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقى. نەتىجىدە شۇ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەقىللىرى، دىللىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەخلاقسىز، پەسكەش مەدەنىيەتلىرىگە ئەجەبلىنىشى، ئۇلارنىڭ قانۇنىنى هۆرمەت قىلىش، ئۇلارنى دوراپ ئۆز ئۆرپ ـ ئادىتىنى تاشلاشنى ياخشى كۆرۈش قاتارلىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى، هەمدە ئاشۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مىراسلىرىدىن پەقەتلا ئاز بىر قىسمىنى يوق هېسابتا، باهاسى ناچار (يەنى مۇهىم بولمىغانلىرى)، مەزمۇنى زىترەك، شەكلى، سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن تەرەپلىرىنىلا بەكمۇ ئاز سۆزلەپ بەرگەنلىكلىرى..... قاتارلىقلار شۇلارنىڭ پىكرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چوڭ هەسسە قوشقان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىغا ئاساسى سەۋەب بولغان ئەھۋاللاردۇر.

شۇڭا هازىر بىز ئۆز ۋەتەنلىرىدە ياشاپ تۇرۇپ، ۋەتەنلىرىگە يات، ئۇنىڭدىن ئۆككەن هالدا ياشاۋاتقان، قارىماققا يۈزلىرى، تەقى ـ تۇرقى مۇسۇلمانچە، ئەرەبچە تۇرسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەقىللىرى ياۋروپا ياكى ئامېرىكىچە «مۇسۇلمان»لارنى ئۇچراتساق، ئۇنچىۋالا هەيران قېلىشنىڭ هاجىتى

www.munber.org

يوق.

قەدىمقى جاھىللىق ۋە ھازىرقى يېڭى جاھىللاشتۇرۇش تەسىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، ئەقىدىنى دىن كۆرسەتكەندىن ئارتۇق ياكى كېمەيتىش قاتارلىق شالغۇتلار گۇڭگا قىلىۋېتىشتىن بۇرۇن، دىن ھەققىدىكى چىگىش سۆزلەردىن، بەزىلەر پەيدا قىلىۋالغان تەسلىكلەردىن، «بىلەرمەن»لەرنىڭ ئېتىرازلىرىدىن ساقلىنىپ، بەلكى يىراقلىشىپ تۇرۇپ شۇ ئەقىدىنى ئىسلامنىڭ توغرا ـ سۈزۈك مەنبەسىدىن ھاسىل قىلالايدىغان ئاڭلىق «مۇسۇلمانلارنى» يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىكى مۇكەممەل پروگراممىسى ھەققىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، مانا بۇ ئىككىسى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ تەپسىرى ـ «ساھابىلارنىڭ تەپسىرى ئۇندىن كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرىدىن بۇرۇن ئاساس قىلىنىدۇ» دېگەن شەرت بىلەن تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئاڭلىق ـ سەۋىيەلىكنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. تەپسىر ھەققىدىكى شەرتكە ئاساسەن

ئۇلار «ئىبنى كەسىر»نىڭ قۇرئانغا يازغان **«تفسير ابن كـثير»** (تەفسىر ئىبنى كەسىر) دېگەن تەپسىرىگە بەكمۇ يېپىشىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن مۇراجىئەت ئورنى قىلىدۇ. (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ تەپسىر ھەدىس ئارقىلىق تەپسىر قىلىنغان ئەڭ ئىشەنچلىك تەپسىردۇر.)

2. مەنبە: ئىشەنچلىكلىرىنى بىلىشتە ۋە ئۇنى ئىزاھلاشتا ئىشەنچلىك ھەدىس ئىماملىرىگە مۇراجىئەت قىلىش شەرتى بىلەن

www.munber.org

ئىنقىلابلارغان ھەدىستۇر.

ئۇستاز، شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «20 ئاساس»نىڭ 2 ـ ئاساسىدا «قۇرئان كەرىم ۋە مۇنەۋۋەر سۈننەت، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تونۇشتا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئىشەنچلىك مەنبەسىدۇر» ۋە «قۇرئان كەرىمنى چۈشەنگۈچى، قۇرئان كەرىمنى ئۆز مەنپەئەتىگە توغرىلىماستىن، بەك قىيىنلىىپمۇ كەتمەستىن ئەرەب تىلى قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن چۈشەنسە بولىدۇ، ھەدىسنى چۈشىنىشتە، ئىشەنچلىك ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە ئىمام نەۋەۋىينىڭ «رياض الصالحين» (رىيازۇسسالىھىين، يەنى ياخشى كىشىلەرنىڭ باغچىسى) دېگەن كىتاۋىغا ئوخشاش بەزى ھەدىس كىتابلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇلار يەنە ھەدىس ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئىسلامنىڭ ئەمەلىي تەدبىقلانغان نەمۇنىسى ۋە قۇرئاننىڭ ئەمەلىي تەپسىرى دەپ ھېسابلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت خۇلاسە قىلىشنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي تۇرمۇشلىرىنى شۇنىڭغا سىلىشتۇرۇپ، توغرا ـ خاتانى شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلەپ ھەر تەرەپتىن زىيان تارتماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشنى) مۇھىم دەپ بىلدى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى.

بۇرادەرلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تونۇش بىلەن بىرگە، ئىسلام تارىخىدىن ۋە تارىختا ئۆتكەن قوماندان، رەھبەر، ئالىم،

www.munber.org

ئىسلاھاتچىلاردىن ئىبارەت قەھرىمانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىدىن بىخەۋەر قالغىنى يوق. شۇنىڭدەك بۇرادەرلەرنىڭ تەربىيە پروگراممىسى دىنى پىكىر، سىياسىي جەھەتلەردە يەھۇدىلار، ئاللاھسىزلار، خرىستىئانلار، مۇستەملىكىلەر، مەسۇنىيلەر[1]، بەھائىيەلەر[2]، قادىيانىلەر[3] قاتارلىق تاجاۋۇزچى دولقۇنلار ۋە دۈشمەنلىك قىلغۇچى كۈچلەرنى ھەم ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ جامائەسى (يەنى بىرلىكى) ۋە ئۇلارنىڭ مەركەزلىرى، ئىسلامىي ئىلىمنىڭ ۋە ئومۇمىي ئىسلام ساقلىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «ئائىلىلىرىنىڭ»، پىكرى تەربىيەنىڭ مۇنتىزىم، زەنجىرسىمان ھالقىلىرى بولغانلىقى شۈبھىسىز بىر ھەقىقەت بولۇپ، بۇ تەربىيە ئۆز مېۋىسىنى خەلق پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت كەڭرى بىر جەمئىيەت ئادەملىرىدە مەي باغلاتتى. دېمەككى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى ۋەھىمە ـ خۇراپاتلاردىن ئازاد بولدى. كۆزلىرى بۈيۈك ئىسلام دۇنياسىغا قارىتا ئېچىلىپ تار ۋەتەنپەرۋەرلىك رامكىسىدىن كەڭرى كەتكەن ئىسلامىيەت ئۇرۇنلاشقان ئىسلامىي مەيدانغا چىقتى. ھەمدە ئۇلار ئۆتكۈر كۆزلىرى ۋە (ھەقىقەت نۇرى بىلەن ئېچىلغان) نۇرلۇق ئەقىللىرى بىلەن ئىسلامنىڭ بىپايان مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرقى نىشان مەنزىللىرىگە تولۇق خەۋەردار بولدى.

مۇستاپا كامال ۋە سەئىد زەغلۇل دەۋرىدىن باشلاپ ئاتىپى ۋە

---

[1] بىر خىل خاتا ئېقىمدىكى كىشىلەرنىڭ نامى ـ ت

[2] خۇدالىق دەۋاسى قىلغان «بەھا» ئىسىملىك مەلئۇننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ـ ت

[3] ھىندىستانلىق پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان «غۇلام ئەھمەد قادىيانى» ئىسىملىك مەلئۇننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ـ ت

www.munber.org

خىتاۋى تەبىئىتىنىڭ مىسىر ئاممىسىغا غالىب بولىۋالغانلىقى، خەلق توپىغا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى مەخپىي ئەمەس. مۇشۇ ۋاقىتتا كىشىلەر، يۈرەكلىرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ ئۇرغۇشىغا ھاجەتمەن بولىۋاتقان ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە باشقا پارتىيىلەردىن ئىبارەت ئىسلام پىكرىگە قارشىلاشقۇچى پارتىيىلەر تېخى بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەشكىلاتتىكى ئاممىنىڭ بىر تەرەپتىن دەۋەت بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرىۋاتقانلىقى ۋە شۇ تەشكىلات مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ سىقىلىشقا ۋە باشقىلارنىڭ قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە ھەمىشە دۇچ كېلىپ تۇرغانلىقى سەۋەبلىك بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، پىكرى كۆز قاراشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەربىيە «نەتىجىسى» تەشكىلاتتىكى ئاممىنىڭ زور قىسمىنىڭ كۆز قارىشىدىكى تەلەپكە لايىق نەتىجە بولالمىدى. شۇنىڭدەك، يۇقىرىقى سەۋەبلەر بۇرادەرلەرنىڭ پىكرى ۋە ئىلمىي نىشانلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى 40 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كېچىكتۈرۈپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەنە شۇ ۋاقىت كىچىكلەر زورىيىپ، چوڭلار پىشىپ يېتىلىپ، يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر ئاشكارىلانغان بىر ۋاقىت ئىدى. (تەشكىلاتتىكىلەر ھەر تەرەپتىن پىشىپ يېتىلگەن دەۋر ئىدى دېگەن سۆز بولسا كېرەك ـ ت)

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تەرەپتىن تەشكىلاتتىكى جامائەتنىڭ ھەر بىر شەخسلىرىنىڭ ئالدىدا ئىلمىي ۋە پىكرى تەربىيە تەرىپىنى

www.munber.org

چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن تەشكىلاتتىكىلەردىن سىرت بولغان باشقا كىشىلەرگىمۇ ئىسلامنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى روشەن ھالدا چۈشەندۈرۈشنىڭ بەكمۇ بىر ئېھتىياجلىق ئىش ئىكەنلىكىنى جەزمىي ھالدا تونۇپ يېتىپ، ئاشۇ بوشلۇقنى تولدۇرسۇن، شۇ ۋەزىپىنى ئۈرۈنلىسۇن، ھەمدە ئەللامە سەييىد رەشىد رىزا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى تەسىس قىلغان، كېيىن ئۇ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن توختاپ قالغان «مەنار» ژورنىلىغا ئىز باسار بولسۇن دەپ ئايلىق «ألشهاب» (ئەششىھاب) ژورنىلىنى مەيدانغا چىقاردى. لېكىن بۇ ھەممىنىڭ كۆزى تىكىلگەن ئارزۇلۇق ژورنال بەش ساندىن ئارتۇق داۋاملىشالمىدى. بۇ ژورنالنىڭ كۆپىنچە ماقالە، ئەسەرلىرىنى ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۆزى يازاتتى. شۇندىن كېيىن 1948 ـ يىلى دىكابىر ۋەقەسى يۈز بەردى. كېيىن 1949 ـ يىلى فېۋرالدا «ألشهاب» (ئەششىھاب) ژورنىلىنى تەسىس قىلغۇچى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى سۇيىقەستكە ئۇچرىدى.

www.munber.org

## ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئەخلاقتا بولغان قارىشى ۋە تەربىيىسى

روھىي تەربىيە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەخلاقىي تەربىيە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇلار ئەخلاقى تەربىيەگە ئەھمىيەت بىرىشنى، ئۇنى ناھايىتى بەك تەكىتلەشنى ۋە بۇ تەربىيەنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى دەپ ھىسابلاشنى ناھايىتى قاتتىق مۇستەھكەم تۇتۇپ كەلدى ۋە ئەھمىيەت بىرىپ كەلدى. ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇشۇ ئەخلاقى تەربىيەنى ئۇلتۇرۇپ قالغان ئادەم يۆلىنىپ، ئۇ يەردىن بۇيەرگە، بۇ يەردىن ئۇ يەرگە يۆتكىلىشكە ئىشلىتىدىغان ھاسىغا ئوخشىتىپ «ئۆزگەرتىش ھاسىسى» دەپ ئاتىغانىدى. مۇشۇ توغرىدا شائىرنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى تولا تەكرارلايتتى:

ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇپ نەۋرەڭ كۆپەيسە،

شۇ ئىشلار قىستىيالماس شەھەر ئەھلىنى.

ۋە لېكىن كىشلەر ئەخلاقتىن قاچسا،

ئەخلاقسىزلىق قىستايدۇ، ۋىجدان ئەھلىنى.

ئۇ زات يەنە «دۇنيانىڭ ھەقىقىي قىيىنچىلىقى، ئىقتىسادى، سىياسىي قىيىنچىلىقتىنمۇ ئىلگىرى تۇرىدىغان روھى قىيىنچىلىقتۇر» دەپ چۈشىنەتتى ۋە شۇ سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى. «كىشلەرنى نىمىگە چاقىرىمىز؟» دىگەن رىسالىسىدە «قەيەردىن باشلايمىز؟» دىگەن سەرلەۋھە ئاستىدا ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر مىللەت ئىچىدىن ياكى ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، بىر گورۇھ ئىچىدىن مىللەتلەرنىڭ

www.munber.org

يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل تەربىيىلىنىشى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە قانۇن ـ پرىنسىپلارنىڭ كۈچ تېپىشى قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلىپ مەيدانغا چىققان كىشىلەر، ئاجىزلىق سىغمايدىغان كۈچلۈك ئىرادە، ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق كىرەلمەيدىغان ۋاپادارلىق، تاماخورلۇق، بېخىللىق تۇسالغۇ بولالمايدىغان ھەقىقىي پىداكارلىق، باشلانغۇچ قەدىمىنى تونۇش، ئۆز ئىشىغا ئىشىنىش، قىلغان ئىشىدا خاتالىقتىن، مەقسەتتىن چەتنەپ كىتىشتىن، زەھەرخەندىلىك قىلىشتىن ۋە باشقىغا ھىيلە ـ مىكىر قىلىشتىن ساقلىنالايدىغان رەۋىشتە ئۆز ئىشىنى مۆلچەرلەش قاتارلىق چوڭ روھى قۇۋۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇشۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە مۇھتاجدۇر. پرىنسىپلارنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، تەبىئىي ئويغانغان خەلقلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، يېڭىدىن ئىلغار كىشىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇزۇن زامان ھاياتتىن مەھرۇم قالغان كىشىلەرگە ھاياتنىڭ يېڭىلىنىشى، مانا بۇ تۆت خىل سۈپەت، روھنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك بولۇشى ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت تۆپ نىگىزلىك مەسىلە ھەل بولغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ.»

ھەر قانداق خەلق يۇقىرىقى تۆت سۈپەتنى يۇقاتسا ياكى شۇ سۈپەتلەرنى شۇ خەلقنى تەربىيىلىگۈچى ئىسلاھاتچىلىرى يۇقاتسا، تۆۋەن ئېيتقاندا ـ ئۇ خەلق بىچارە، كېرەكسىز خەلققە ئايلىنىپ قېلىپ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدىغان، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدىغان، گۇمانىي قاراش، ۋەھىمە ۋە خىيالىي چۈشلەر قوينىدا ياشاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

وَإِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغۡنِي مِنَ ٱلۡحَقِّ شَيۡـًٔا

﴿گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ﴾ (سۈرە نەجم 28 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئاللاھ تەبارەكە ۋەتەئالانىڭ قانۇنى، ئۇ ز مەخلۇقلىرىغا قويغان ئىلاھى سۈننەتتۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىدا قىلچىلىك ئۆزگىرىشنى تاپالمايسىز!. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ

﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ). (شۇنىڭدەك مىللەت ئىچىدىكى تۈرلۈك خاتالىقلارنى ئۇلار ئۆزى تۈزەتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ خارلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ)﴾ (سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت).

مانا بۇمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسىدىمۇ ئۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىدىن كېيىن سىلەرگە قارشى باشقا مىللەتلەر خۇددى تاماق يېگۈچىلەر بىر ـ بىرىنى چاقىرىشقاندەك، بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبلىرىدىن سىلەردىن «قورقۇش» قورقۇنچىسىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ ۋە سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قورقۇنچ سېلىپ

www.munber.org

قويىدۇ» پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرسى مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ كۈندە بۇنداق بولۇشى سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىنمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ياق، ئۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، لېكىن، سىلەر سۇ ئۈستىدىكى چاۋا ـ چاتقاللىغا ئوخشاش كېرەكسىز»، يەنە بىرسى مۇنداق دېدى: قورقۇش، ئاجىزلىق نىمە سەۋەبتىن بولىدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ!، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئۇ قورقۇش، ئاجىزلىق دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتىن پەيدا بولىدۇ.»

سىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: مىللەتنىڭ سانى كۆپ، ياخشىلىقلىرى ۋە ئۇ ياخشىلىقلىرىنىڭ نەتىجىلىرى زىيادە بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ مىللەتنىڭ ئاجىزلىشىشى، خەلقلەرنىڭ خارلىنىشى، كۆڭۈللىرىنىڭ ئارامسىز بولۇشى، يۈرەكسىز بولۇپ قېلىشى، ھەقىقىي ئەرلىك سۈپىتىدىن، ئىلغار، ياخشى پەزىلەتلىك ئەخلاقلاردىن يىراقلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى روشەن ھالدا بايان قىلغىنىنى يۇقىرىقى سۆزىدىن ئوچۇق بىلىۋالالايسىز.

ئىككىنچى يولباشچى، ئۇستاز ھەسەنۇل ھۇزەيبى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىشتە، ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىن قېلىشمايتتى، ئۇ زاتنىڭ مۇشۇ ھەقتە «ئالدى بىلەن ئىنىگلىزلارنى يۈرىكىڭلاردىن چىقىرىۋەتسەڭلار، ئاندىن ئۇلار يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىدۇ»، «ئىسلام دۆلىتىنى دەسلەپ يۈرىكىڭلاردا قۇرۇپ چىقساڭلار، ئاندىن ئۇ دۆلەت زېمىنىڭلاردا قۇرۇلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەر قەلبىدە ساقلانغان ۋە زور تەسىرگە ئىگە بولغان

www.munber.org

سۆزلىرى بار.

ئۇستاز بۇ سۆزلىرىدە ئىنگلىزلارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن سىياسىي كۆرەشلەرنى ياكى ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئازايتىش كېرەك دېمەكچى ئەمەس. ئۆز ئوغۇللىرىنى ۋە دەۋىتىگە ئەگەشكەن قەھرىمانلارنى «تەللۇل كەبىر» (جاي نامى) ۋە قانالدىكى جەڭ مەيدانىغا جىھاد قىلىش ۋە شەھىد بولۇش ئۈچۈن چاقىرغان كىشى قانداقمۇ ئۇنداق دېسۇن؟ ئۇ كىشىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن مەقسىدى شۇكى: ھەر قانداق كۆرەشتە غەلىبە قىلىشنىڭ سىرى، شەخسلەرنى ئۆزگەرتىدىغان، شەخسلەر ئۆزگەرگەن سەۋەب بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئۆزگەرتكۈچ ئەخلاقىي تەربىيە، يۇقىرى تۇيغۇلۇق ۋە روھى ئىدىيە تەييارلىقى قاتارلىقلاردا يوشۇرۇنغان مەخپى كۈچدۇر. مانا بۇ سۆزنى قۇرئان كەرىم ئۆزگەرمەس ئىجتىمائىي قانۇننى مۇقەررەر قىلىپ بېكىتكەن ۋاقتتا بايان قىلىپ ئېيتىدۇ:

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ

﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ) (شۇنىڭدەك مىللەت ئىچىدىكى تۈرلۈك خاتالىقلارنى ئۇلار ئۆزى تۈزەتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ خارلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ

www.munber.org

قويمايدۇ)﴾ (سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت)

ئىسلام پەزىلەتلىك، ياخشى ئەخلاقنى ئىماننىڭ تارماقلىرىدىن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىماننىڭ پىشقان شىرىن مېۋىلىرىدىن ھېسابلايدۇ. ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان ئىمان، مۇنەۋۋەر، تۈزۈك ئەقىدە، ئاللاھقىلا خالىس بولغان ئەمەل ـ ئىبادەتتە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنىڭدەك توغرا ئەخلاقتا ئەكس ئېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۆئمىنلەرنىڭ ئىماندا ئەڭ كامىلراقى ـ ئەخلاقتا ياخشىراقىدۇر».

خۇلق ياكى ئەخلاق دېگەن سۆز: مەزمۇنى چوڭقۇر، مەنا دائىرىسى ناھايىتى كەڭ سۆزدۇر. بۇ سۆزنىڭ دائىرىسى شۇ قەدەر كەڭ بولغانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەندى: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم». ھەتتاكى، ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ چىرايلىق سۈپەت بىلەن ماختاپ مۇنداق دېدى:

وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن﴾ (سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت). ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. يەنى قۇرئان ئېلىپ كەلگەن پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى، قۇرئان بۇيرىغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن ياخشى ئىشلار بىر پۈتۈن ھالدا پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدۇر.

ئەخلاق ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەر بىلەن بىللە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياشىغىن!»، «سىلەرنىڭ ماڭا ھەقىقەتەن سۆيۈملۈكراقىڭلار ۋە قىيامەت كۈنىسى ماڭا ئەڭ يېقىن ئورۇندىكىلىرىڭلار، ئەخلاقتا ياخشى بولغىنىڭلاركى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قانات ياپىدۇ، ئۇلار باشقىلار بىلەن، باشقىلار ئۇلار بىلەن ئاسانلا كۆنۈپ چىقىشىپ كېتەلەيدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئاساسەن، نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، تۇرمۇشتىكى ياخشىلىق، ھەر تەرەپلىمە مۇلايىملىق گەرچە مۇسۇلمانىنىڭ ئەخلاق ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس بولسىمۇ، بۇ جايدىكى ئەخلاق دېگىنىمىز بۇ رامكىدىلا توختاپ قالمايدۇ. يەنە بەزىلەر چۈشەنگەندەك، ئەخلاق دېگەن: نامەھرەم ئاياللار (يەنى نىكاھلىنىش دۇرۇس بولىدىغان ئاياللار)دىن ۋە ھاراق، باشقا ئىچىملىكلەردىن پەرز قىلىشلا ئەمەس. بۇ ئەخلاق گەرچە ئىسلام دەسلەپ ھېرىس بولغان قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن ئۇلۇغ ئەخلاق بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاق بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ:

قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّواْ مِنْ أَبْصَـٰرِهِمْ وَيَحْفَظُواْ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ ۗ

﴿مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾ (سۈرە نۇر 30 ـ ئايەت). ئاللاھ يەنە مۇنداق

www.munber.org

دەيدۇ:

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡخَمۡرُ وَٱلۡمَيۡسِرُ وَٱلۡأَنصَابُ وَٱلۡأَزۡلَٰمُ رِجۡسٞ مِّنۡ عَمَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَٱجۡتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ

﴿ئى مۆئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾ (سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت).

بىز دېمەكچى بولغان «ئەخلاق» بۇنىمۇ ۋە يۇقىرىدىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەمدە ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، سۆز ـ ھەرىكەتتە راستچىل بولۇش، ئەمەل ـ ھەرىكەتتە سەمىمىي بولۇش، مۇئامىلىدە ئىشەنچلىك، پىكىردە غەيرەتلىك، ھەر قانداق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادالەتلىك بولۇش، ھەقىقەت ئۈستىدە چىداملىق بولۇش، ياخشىلىققا قەتئىي ئىرادە باغلاش، باشقىلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش، تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش، قائىدە ـ تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق بولىدىغان ئىشلارغا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەم بېرىش..... دىن ئىبارەت ھايات مەيدانىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنى چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆز ئادەملىرىنىڭ

www.munber.org

قەلبلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئەخلاقىي پەزىلەتلەردىن مۇھىملىرىنى تۆۋەندە قىسقارتىپ سۆزلەيمىز:

### 1. چىداملىق بولۇش

دەۋەتنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ماڭىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا بولسۇن ياكى شۇ يولدىكى سىم توساقلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا بولسۇن ياكى قورقۇتۇش چارىسىنى ئىشلىتىپ دەۋەت يولىنى ئۆزگۈچىلەرنىڭ كۆپلىكىگە بولسۇن مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە، كىشىلەرنىڭ يۈز ئۆرۈپ كېتىشىگە ياكى ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ياكى ئۇلارنىڭ چېكىندۈرۈشىگە ياكى ئۇلارنىڭ ئازار بېرىشىگە پەرۋا قىلماستىن قاتتىق چىداشلىق بېرىش لازىم. چىدامىلىق بولۇش دېگەن: قۇراللىق كۆرەشكە نىسبەتەن تەييارلىق، جاپا ـ مۇشاققەتلەرگە نىسبەتەن زاپاس كۈچ، ھەقىقەت تەكلىپلىرىگە نىسبەتەن ياردەمچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا چىدامىلىق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش بىلەن ھەقنى تەۋسىيە قىلىشنى بىر ئايەتتە بىر جايدا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

وَٱلۡعَصۡرِ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِى خُسۡرٍ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ

﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾ (سۈرە ئەسر 1 ـ 3 ئايەت). يەنە ئاللاھ تائالا،

www.munber.org

ئوغلىغا نەسىھەت قىلىۋاتقان لوقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

يَٰبُنَيَّ أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱنۡهَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَآ أَصَابَكَۖ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنۡ عَزۡمِ ٱلۡأُمُورِ

﴿(لوقمان ئېيتتى) ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾ (سۈرە لوقمان 17 ـ ئايەت).

چىداملىق بولۇش شۇ دەرىجىدە يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچار بولغۇچىلارنىڭ دۇئاسى قۇرئاندا مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

رَبَّنَآ أَفۡرِغۡ عَلَيۡنَا صَبۡرٗا وَتَوَفَّنَا مُسۡلِمِينَ

﴿رەببىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن﴾ (سۈرە ئەئراف 126 ـ ئايەت). ئۇرۇش مەيدانىدا جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ دۇئاسى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

www.munber.org

رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَـٰفِرِينَ

﴿پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىدامىلىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ (سۈرە بەقەر 250 ـ ئايەت).

## 2. ساباتلىق بولۇش

يۇقىرىدا كۆرستىلگەن سەۋرگە ئالاقىدار بولغان ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرسى سابات بولۇپ بۇنى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىغا ئەزا بولىدىغانلاردىن ئالدىن ئېلىنىدىغان 10 شەرتنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئۇ ئۇستاز «سابات» دېگەن سۆزنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «مەن سابات دېگەن سۆزنى مۇنداق چۈشىنىمەن دەيدۇ: ئۇ ھەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەر ئۆز نىشانى يولىدا ئۆتكەن يىللارنىڭ ۋاقىت مۇددىتى قانچە ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىي ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئالالاھنىڭ دەرگاھىغا بارغانغا قەدەر، ۋاپاتىغىچە جىھاد ئۇستىدە بوشاشماي تۇرۇش كېرەك، مۇنداق بولغاندا ئۇ مۆئمىن غەلىبە قىلىپ مەقسەتكە يېتىش ياكى شۇ يولدا شەھىدلىك شەربىتىنى ئىچىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ.» ئالالاھ مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ رِجَالٞ صَدَقُواْ مَا عَٰهَدُواْ ٱللَّهَ عَلَيۡهِۖ فَمِنۡهُم مَّن قَضَىٰ نَحۡبَهُۥ وَمِنۡهُم مَّن يَنتَظِرُۖ وَمَا بَدَّلُواْ تَبۡدِيلٗا

﴿مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى. بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾ (سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت).

بىزنىڭ قارىشىمىزدا ۋاقىت مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئامىللىرىدىن بىر قىسمى. (شۇڭا ۋاقىتنى بەك قەدىرلەش لازىم). مەقسەت قىلغان يولىمىزنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن، مەنزىللىرى يىراق، تاغ ـ داۋانلىرى كۆپ، لېكىن ئاشۇ ساباتلىق بولۇشنىڭ ئۆزى يالغۇزلا كاتتا نەتىجە ۋە گۈزەل ئىستىقبال كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، بىزنى مەقسەتكە باشلاپ ئېلىپ بارالايدۇ.

«كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلارمىز» دېگۈچى كىشىلەرگە كەلگەن ئاپەتمۇ روھى ئىرادىنىڭ كەمچىلىكى، نەزەر دائىرىنىڭ تارلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت جاپا تارتىپ قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى مەقسەت قىلغان نىشان ـ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالىدۇ. ياكى كەينىگە قايتىپ پۈتۈنلەي ئۆز يولىدىن ۋاز كېچىدۇ ياكى

www.munber.org

ئــوك ســول تەرەپــكە چەتنــەپ كىتىــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن ئاشــۇنداق ئادەملــەرنىڭ ئــۆز دەۋىتىــدىن قايتمــاي، توختاپــمۇ قالمــاي داۋاملىــق مۇســتەھكەم تۇرۇشــى ئۈچــۈن ئــۇلارغا «ســاباتلىق» بولــۇش ئــەخلاقىنى قــاتتىق تەكىتلــەپ ئۆزلەشــتۈرۈش زۆرۈر بولــدۇ. بولۇپــمۇ كــۈرەش نەتىجىسىنى دەرھاللا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئالدىراڭغۇ كىشىلەرگە قاتتىق ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. ئىنسان ئالدىراڭغۇ تەبىئەتتە يارىتىلدى. شۇڭا ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

فَٱصۡبِرۡ كَمَا صَبَرَ أُوْلُواْ ٱلۡعَزۡمِ مِنَ ٱلرُّسُلِ وَلَا تَسۡتَعۡجِل لَّهُمۡۚ

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن﴾ (سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەت).

يەنە بىر تۈرلۈك ئايەت باركى، ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەردە بار. ئۇ ئايەت شۇكى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت يولىدا ئەگەر شامال لەرزان، ئاسمان ئوچۇق، ھاۋا بوشلۇقى سۈزۈك بولسا (يەنى جەمئىيەت تىنچ ـ ئامان، كۆڭۈل خاتىرجەم، تۇرمۇش كۆڭۈللۈك، قىلغان ئىشلار نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك، ھەر خىل سىقىلىش، قىستىلىشلار يوق بولسا) مۇستەھكەم تۇرغان بىلەن، قاچانكى، ھاۋا بوشلۇقىنى تۇمان بېسىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، بۇران چىقسا (يەنى جەمئىيەت تىنچسىز، كۆڭۈل خاتىرجەمسىز، تۇرمۇش كۆڭۈلسىز، قىلغان ئىشلار نەتىجىسىز

www.munber.org

ياكى نەتجىسى ئاز بولسا، ھەر خىل سىقىلىش، قىستىلىشلار بولسا) خۇددى ئاللاھ تائالا سۆيەتلىگەن ئادەمگە ئوخشاپ، ۋەزىپە ئۆتىشى ئاجىزلاپ ماڭغان يولىدىن توختاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِىَ فِى ٱللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِ

﴿بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۆلپەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ﴾ (سۈرە ئەنكەبۇت 10 ـ ئايەت). ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعْبُدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرْفٍ ۖ فَإِنْ أَصَابَهُۥ خَيْرٌ ٱطْمَأَنَّ بِهِۦ ۖ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجْهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةَ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْخُسْرَانُ ٱلْمُبِينُ

﴿بەزىلەر ئاللاھقا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە

www.munber.org

دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىيانىدۇر﴾ (سۈرە ھەج 11 ـ ئايەت).

مۇشۇ ساپات قەدەم تۇرۇش مەسىلىسىدە يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر باركى، ئۇلار دەۋەت يولىدا يەتكەن تۈرلۈك بالايى ئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، ئېغىر، قاتتىق كۈنلەردە چىداشلىق بېرىپ بۇشاشماي، خاپىلىقلارغا، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بويسۇنماي ساپات قەدەم تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە تۈرلۈك قۇترىتىشلار ئالدىدا ئاجىزلاپ قالىدۇ. دېمەككى، ئۇنداق ئادەملەرگە مال ـ مۈلۈك ياكى بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپ سوۋغا قىلىنسا شۆلگەيلىرى ئېقىپ، بۇرۇنقى تەكىپۇرلۇقنى (يەنى پىرىنسىپىنى) يوقىتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇن شۇنچە خاپىلىقلارغا چىداپ، ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىسىنى ئاشۇنداق نەرسىلەر بەدىلىگە ھېچنېمىنى بىلمەس بولىۋېلىپ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ھەر بىر شەخس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر قانداق ئىشتا مۇقتەدا (يەنى نەمۇنە، ئۈلگە، ئۆرنەك) قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلار: سەن دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن توختىساڭ، شۇنىڭ بەدىلىگە بىز ساڭا نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى بەرسەك.... دېيىشىپ مال ـ دۇنيا، ئابروي ـ مەنسەپ.... قاتارلىق كۆپ نەرسىلەرنى تەكلىپ قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تارىخىي سۆزىنى مۇشرىكلارغا دەپ قويۇش ئۈچۈن تاغسىغا ئېيتىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت مۇشۇ ۋەزىپىنى تاشلاش بەدىلىگە، ئۇلار

www.munber.org

مېنىڭ ئۇك تەرپىمدە قۇياشنى، سول تەرپىمدە ئاينى قويالىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ۋەزىپىنى غالىب قىلغانغا قەدەر ياكى مەن مۇشۇ يولدا غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولغانغا قەدەر مەن بۇ ۋەزىپىنى ھەرگىزمۇ تاشلىمايمەن».

### 3. ئارزۇ ۋە ئۈمىدنىڭ مەنىسى

ئىسلامنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىش ـ ھادىسىلەر كۆپىيىپ ئۇچۇۇشسىزلىقلار قاتمۇ ـ قات بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى يېقىن كىلىدىغانلىقىغا ۋە ئىسلامغا مەنسۇپ دەپ شەكسىز ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئادەمنى ئۆلۈمگە ئاپىرىدىغان مەيۇسلۇك، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق قۇللۇق ۋە جاھالەتنىڭ نەتىجىسى بولغان يامان ئىللەتلەر بىلەن كۆرەش قىلغان ھالدا ۋە ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى، روھسىزلىنىش ئازغۇنلۇقنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن ھالدا ئاشۇ «ئارزۇ» دېگەن چۈشەنچىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەكىتلەيتتى ۋە كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّهُۥ لَا يَاْيْـَٔسُ مِن رَّوْحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ

﴿پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾ (سۈرە يۇسۇف 87 ـ ئايەت). ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ

﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟﴾ (سۈرە ھىجىر 56 ـ ئايەت).

ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى ھەقىقەتلەر ھەقىقەتەن تۈنۈگۈنكى چۈشلەر ئىدى. بۈگۈنكى چۈشلەر ھەقىقەتەن ئەتىنىڭ ھەقىقەتلىرى». ئۇ ئۇستاز «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ مىسىرنى ئازاد قىلىشتىكى، ئۇندىن كېيىن ئەرەب دۇنياسىنى، ئۇندىن كېيىن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى ئازاد قىلىشتىكى، بۇ «ئارزۇ» ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى تەلەپكە لايىق بولغان خەلىپىلىك بايرىقى ئاستىغا جۇغلاشتىكى، ئاخىرىدا پۈتكۈل دۇنيانى ئىسلام نۇرى بىلەن توغرا يېتەكلەشتىكى نىشانلىرىنى ۋە بۈيۈك ئارزۇلىرىنى سۆزلەيدۇ ۋە ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ بۈيۈك مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى نۇرغۇن قورقۇنچلۇق، قاتتىق جاپالىق داۋانلارنىڭ بارلىقىنى ئەسلىتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۇستاز يۇقىرىقى توسالغۇلارغا پىسەنت قىلماستىن، ئاشۇ جاپالىق داۋانلاردىن قۇتۇلۇش ئامىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن ئەسلىتىشنىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ چاقىرىقى بولغان قۇرئانغا چاقىرىمىز، مانا بۇ چاقىرىق بولسا ئەڭ ئالىي چاقىرىق. بىز كىشىلەرنى ئىسلام پىكرى بىلەن چاقىرىمىز، مانا بۇ پىكىر ئەڭ كۈچلۈك پىكىر. بىز دۇنيا ئىنسانلىرىغا

www.munber.org

قۇرئان قانۇننى تەقدىم قىلىمىز، مانا بۇ قۇرئان قانۇنى ھەر قانداق قانۇننىڭ ئەڭ ئادىلى ۋە بىردىنبىر قانۇن. پۈتكۈل دۇنيا مانا مۇشۇنداق تۇغرا چاقىرىققا، مۇشۇ چاقىرىققا ياردەمدە بولىدىغان، ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىدىغان ھەر قانداق ئامىلغا مۇھتاج. ئاللاھقا شۈكرىكى، بىز شەخسىي تەمەلەردىن بىزار، شەخسىي مەنپەئەتلەردىن يىراقتۇرمىز. بىز پۈتۈن ھاياتىمىزدا پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا مەقسەت قىلىمىز، بىز ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىنى، بىزنى كۈچلەندۈرۈشىنى كۈتىمىز، ئاللاھ قانداقلا كىشىگە ياردەم قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە ھېچكىم غالىب كېلەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ چاقىرىقىمىزنىڭ قۇۋۋىتى، دۇنيا خەلقىنىڭ شۇ چاقىرىققا بولغان ھاجىتى، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىڭ راست ـ ساپلىقى ۋە ئاللاھنىڭ بىزنى كۈچلەندۈرۈشى، مانا بۇلار بىزنىڭ ئۆز دەۋەت يولىمىزدا نىجات تېپىشىمىزنىڭ ئامىللىرى. مانا بۇ ئامىللار ئالدىدا ھەر قانچە تاغ ـ داۋانلار بولسىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ ۋە شۇ يولدا ھېچبىر تۇسالغۇ يۈت تىرەپ تۇرالماي يۇقىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆز ئىشىغا غالىبتۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلمەيدۇ.»

ئۇ ئۇستاز ياشلارغا يازغان رىسالىسىدە دەۋەتنىڭ شەخسىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە دۇنياۋى بۈيۈك نىشانىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ياش دوستلار! سىلەر، سىلەردىن بۇرۇنقى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ نىشانلارنى ئەمەلىيەتكە چىقارغان مۆنەۋۋەر ئىسلام ئۈممەتلىرىدىن ئاجىز ئەمەس. شۇڭا سىلەر سۇسلىشىپ، ئاجىزلىشىپ كەتمەڭلار! دوستلار! سىلەر كۆزۈڭلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئاللاھنىڭ مۇشۇ سۆزىگە تاشلاڭلار:

www.munber.org

ٱلَّذِينَ قَالَ لَهُمُ ٱلنَّاسُ إِنَّ ٱلنَّاسَ قَدْ جَمَعُوا۟ لَكُمْ فَٱخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَـٰنًا وَقَالُوا۟ حَسْبُنَا ٱللَّهُ وَنِعْمَ ٱلْوَكِيلُ

﴿(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى هامىي!» دېدى﴾ (سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ئايەت). دوستلار! بىز تەلەپكە لايىق مۇسۇلمانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەربىيىلەيمىز، مۇسۇلمان ئائىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئائىلىمىزنى تەربىيىلەيمىز، مۇسۇلمان خەلقلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلقىمىزنى تەربىيىلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن نەتىجىدە ئۆزۈن ئۆتمەي مۇشۇنداق تەربىيىلەنگەن خەلقتىن مۇسۇلمان هۆكۈمەت بارلىققا كېلىدۇ.

بىز مۇستەهكەم قەدەم بىلەن كامىل يەللىگە ۋە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز بەلگىلەپ چىققان نىشانلارغا پات يېقىندا يۈرۈپ كىتىمىز. بىز نىشانىمىزغا ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ياردىمى بىلەن چوقۇم يېتەلەيمىز. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَـٰفِرُونَ

﴿ئاللاھ ئۆز نۇرىنى (يەنى ئۆز دىنىنى) ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ،

www.munber.org

كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴾ (سۈرە تەۋبە 32 ـ ئايەت).

بىز يۇقىرىقى مەقسىتىمىز ئۈچۈن تەۋرەنمەس ئىمانىنى، توختاپ قالمايدىغان ئەمەلنى، ئاللاھقا بولغان ئاجىزلاشماس مۇستەھكەم ئىشەنچنى، ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولۇپ شۇ ھالىتى بىلەن ئاللاھقا ئۇچرىغان كۈننى ئەڭ بەختلىك كۈن ھېسابلايدىغان روھلارنى تەييارلىدۇق.» (ئۇ ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى).

ئۇ ئۇستاز مۇشۇنداق جۇش ئۇرۇۋاتقان ئوتكۈر روھ بىلەن ئۇزۇن زامان ئۈمىتسىزلىنىش، مەيۇسلىنىش قاپلاپ كىتىپ، ھالاكەتكە يۈز تۇتۇۋاتقان كۆڭۈللەرگە ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە ئارزۇنى تىرگۈزۈپ، ئۈمىتنى قوزغاپ، ئىشەنچنى مۇستەھكەم ئورناتتى.

ئۇ ئۇستاز ئۆز سۆزىدە ئىسلامنىڭ غەلىبە قىلىشىنى تۆت تۈرلۈك دەلىل بىلەن قەتئىي ھالدا تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

1. كىتابلاردا كەڭ تارالغان نۇرغۇن ئايەت ـ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان نەقلىي دەلىل. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دىيىلىدۇ:

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ

﴿ئاللاھ ھەق دىن (يەنى ئىسلامنى) بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى،

www.munber.org

مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۇستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴾ (سۈرە تەۋبە 33 ـ ئايەت، سۈرە فەتھ 28 ـ ئايەت، سۈرە سەپ 9 ـ ئايەتلىرى).

وَيَأۡبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ

﴿ئاللاھ ئۆز نۇرىنى (يەنى ئۆز دىنىنى) ئۇستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴾ (سۈرە تەۋبە 32 ـ ئايەت). ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىسلام دىنى كېچە ـ كۈندۈز يەتكەن جاينىڭ ھەممىسىگە (يەنى پۈتۈن دۇنياغا) چوقۇم يېتىدۇ.»

2. تارىخىي دەلىل. بۇ دەلىل شۇكى: بۇ دىنىنىڭ قۇۋۋىتى بەك زور، ئىنتايىن كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بۇ دىن «رىددەت» ئۇرۇشى[1]، «سەلىبلەر» ئۇرۇشى[2] ۋە تاتار ئۇرۇشىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەر قورشاۋغا ئېلىنۋالغان دەۋرلەردىمۇ ئۆز رولىنى يوقاتمىغان. ھەتتاكى، غالىب تاتارلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قول ئاستىدىكى مەغلۇب بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

3. ھىسابىي دەلىل. شەكسىز ھالدا ئېيتىشقا بولىدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئەڭ دەسلەپلەردە شەرقلىقلەر مەدەنىيەت خوجايىنى بولغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەتلەر تامامەن مىسىر، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە

① رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئىسلامدىن يېنىۋالغانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ـ ت
② ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى ـ ت

www.munber.org

فارىسلار قولىدا بولغان ئىدى. ئۇندىن كېيىن بىر نەچچە زامانلار ئۆتۈپ بۇ مەدەنىيەت مەشئىلى قەدىمقى يۇنان، رۇملۇقلار ۋاستىسى ئارقىلىق غەربكە يۆتكەلدى، ئۇندىن كېيىن ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن شەرققە قايتتى، ئۇندىن كېيىن يەنە يېڭىدىن بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆرگىنىمىزدەك غەربكە يۆتكەلدى. ئەھۋال شۇنداق. بىز ئۇ مەدەنىيەتنىڭ، غەربلىكلەر مەنىۋى ۋە روھى تەرەپتىن چىرىپ تۈگىگەندىن كېيىن ۋە ئۇلارنى نەپسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، ئائىلە ئۈچۈن، ئۆز جەمئىيىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، شەخسىي تىنچلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش قاتارلىق شەخسىيەتچىلىكلەر هالاك قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم شەرققە قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولماقتىمىز.

4. دەۋەتكە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي سەرپ قىلىش. بۇ ئىش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر تەربىيەلەنگەن ئەڭ ئېسىل، تەسىرى زور بولغان ئەخلاق بولۇپ، بۇ بەزىدە «پىداكارلىق»، «قۇربان بېرىش» دېگەن ئىبارە بىلەن قوللىنىلدۇ. بىز بۇ يەردە مۇشۇ سۆزدىن: ھەر بىر بۇرادەر دەۋەت يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئىقتىساد سەرپ قىلىش ۋە ۋاقتىنى ئاجرىتىش قاتارلىقلارغا بېخىللىق قىلماسلىقنى ۋە شۇ دەۋەتنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ نۇرىنى كېڭەيتىشتە، دەۋەتچىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرىغا جېنى بىلەن، قىممەت باھالىق نەرسىسى بىلەن، ئەرزاندۇ ـ قىممەتدۇ ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىسى بىلەن ياردەم بېرىشتە، بارلىق ئىقتىدارىنى ئايىماي سۇسلۇق، بوشاڭلىق قىلماسلىقنى، ھەمدە ئۇ بۇرادەرنىڭ شۇئارى: «سەن بىرىۋەر! باشقىلار پايدىلانسۇن، سەن تىرىپ قوي! باشقىلار ئورىۋالسۇن، باشقىلارنىڭ راھەت كۆرىشى ئۈچۈن

www.munber.org

سەن جاپا تارت!» دېگەن سۆزلەر بولۇشىنى دىمەكچىمىز ۋە شۇنى ئىرادە قىلىمىز.

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، دەۋەت تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ دەۋەتكە كېرەكلىك بولغان چىقىم، ئىئانە ۋە خەيرىيەتلەرنى ئەنە شۇ ئېسىل ئەخلاق سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىدى ۋە بارلىققا كەلتۈرەلىدى. دېمەككى،ئۇلار ئىچىدە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ئىدارىسىنى قۇرۇش ۋە «ئىسمائىلىيە»دىكى (جاي نامى ـ ت) مەسجىدنى بىنا قىلىش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشىمەن دەپ ۋەلسىپىتىنى ساتقانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنداق قىلغان كىشى يىغىلىش ئورنىغا ھەر كېچىدە بارغاندا 6 كىلومېتىر، قايتىپ كەلگەندە 6 كىلومېتىر يولنى پىيادە باسىدۇ. بۇ كىشىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى كۆپ مۇلاھىزە قىلىپ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ، ئۇ كىشى كېچىككەنلىكىنى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىزھار قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەقىقىي سەۋەب ئۇستازنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىش نەتىجىسىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئەھۋالنى ئۇققان تەشكىلاتتىكى باشقا بۇرادەرلەر بۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئىلغار مەيدانىنى بەكمۇ ئالقىشلاپ يېڭى بىر ۋەلسىپىتنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا يۈكسەك پىداكارلىقى ۋە ئېسىل تەبىئىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن زورمۇ ـ زور ھەدىيە قىلىدى. بۇ بۇرادەرنىڭ ئىسمى «ئەلىي ئەبۇل ئەلا» ئىدى. «دەۋەت ۋە دەۋەت قىلغۇچىلار ئەسلىمىسى» ناملىق ئەسەردىمۇ شۇنداق يېزىلغان ئىدى.

www.munber.org

# ئىسلام تەربىيىسىنىڭ بەدەنگە بولغان تەربىيە تەرىپى

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر ئۆز تەربىيىسىدە ھەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەرنىڭ بەدەنگە ئائىت تەربىيە تەرىپىدىن بىخەۋەر قالغىنى يوق. چۈنكى بەدەن دېگەن، ئىنسان نىشانلىرىغا يېتىشىنىڭ، دىنى ۋە دۇنياۋى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشنىڭ ياردۇلۇق نەرسىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سېنىڭ ئۈستۈڭدە بەدىنىڭنىڭ ئەلۋەتتە ھەققى بار.»

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ بەدەن تەربىيىسىدىن كۆزلىگەن نىشانى:

1. تەنىنىڭ ساغلام ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشى. تەن ساغلاملىقىنىڭ روھى ۋە ئەقلىي جەھەتتە مەلۇم تەسىرى بار بولۇپ، قەدىمقىلارمۇ «سالامەت ئەقىل سالامەت تەندە بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تەنىنىڭ كېسەللىكى شۇ تەن ئىگىسىنى پالەچ، كېرەكسىز قىلىپ ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن توسۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تازىلىقتا، ھەر زامان زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىشقا، داۋالىنىشقا، ئۇزۇن مۇددەت ئۇيقۇسىز قېلىش، چېكىملىك چېكىش ۋە ئۇندىن باشقا زىيانلىق ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ھەر قانداق بۇرادەر «بۇنىنۇ»[1] قەھۋەسىدىن، چايدىن ناھايىتى ئاز ئىستىمال قىلىشى، تاماكا قاتارلىق چېكىملىكلەردىن قەتئىي قول

---

[1] قەھۋە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىر خىل دەرەخ ـ ت

www.munber.org

يىغىشى لازىم.

2. تەننىڭ كۈچلۈك، چىداملىق بولۇشىلا كېسەللىكلەردىن سالامەت بولۇشقا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، تەننىڭ كۈچلۈك، چېنىققان بولۇشى، ھەر خىل ھەرىكەتكە تېز ھەم ئاسان كۆچىي يېتىدىغان بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كۈچلۈك مۆئمىن ياخشى ھەم ئاجىز مۆئمىنگە قارىغاندا ئاللاھقا مەھبۇبراق». شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەننى چېنىقتۇرۇش ئويۇنلىرىغا، يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك تەنھەرىكەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش بارلىققا كەلدى. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «باللىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ۋە ئاتقا مىنىشنى ئۆگىتىڭلار.»

3. تەننىڭ جاپاغا چىداملىق، كۆتۈرۈشچان بولۇشى لازىم. چۈنكى، تەن جاپاغا چىداشلىق بېرىشكە، مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە، ئىسسىق - سوغۇق، تاغ - ئۆڭكۈر، ئاشكارا - يوشۇرۇن دېگەندەك ئوخشاشمىغان زامانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەندە، ئۇنىڭ سالامەتلىكى، كۈچلۈكلىكى كۇپايە قىلمايدۇ.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «جاپالىق تۇرمۇشقا چېنىقىڭلار! چۈنكى، باياشات تۇرمۇش ھەمىشە تۇرمايدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى، كەشپىيات گۇرۇھلىرىنى، كۆچۈش تەييارلىقى ئىشلەيدىغانلارنى ۋە ھەربىي مەشق ئېلىپ بارىدىغان مەيدانلارنى تەسىس قىلىشقا ناھايىتى قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇ ئىشلار تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز ھالدا

www.munber.org

ئېلىپ بېرىلىپ، جاپالىق ھاياتقا چىدىيالايدىغان، ئۇچۇشىسزلىق ۋە بالايى ـ ئاپەتلەرگە سەۋر قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جىددى تەربىيىلەش مەقسىتىدە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، سەھرالاردا، تاغلاردا، قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتى ئاستىدا ياكى زېمىستان سوغۇقنىڭ نەشتەردەك سانچىلىدىغان سوغۇقلىرى ئاستىدا ياكى شارقىراپ تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر ئاستىدا، يېمەك ـ ئىچمەك ئاز، ئاشۇنداق قاتتىق سوغۇق ياكى قاتتىق ئىسسىق ھالەتلەردە ئېلىپ بېرىلاتتى. بەزى تەربىيىچى بۇرادەرلەر بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلىشماي كارىدور ياكى پول ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلارغا شېغىل تاشلارنى ياكى قۇملارنى ياتقۇزاتتى. مانا بۇنداق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەر زامان ھادىسىلىرىگە قارشى تاقابىل تۇرالايدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتكە ئادەتتىكىدەك كۆنۈپ كېتەلەيدىغان بولسۇن دېگەنلىك ئۈچۈن ئىدى.

يۇقىرىقىدەك تەربىيە ۋە چېنىقىشلار بەزى ۋاقىتتا مەجبۇرى مەشىق قاتارىدا بولۇپ قالسىمۇ، بۇ تەربىيىنىڭ تەسىرى ھالقىلىق پەيتلەردە، جەڭگە چاقىرىلغاندا، ئۆزۈش مەيدانلىرىدا ئوچۇق نامايەن بولىدىغانلىقى ۋە ئۇ تەربىيىنىڭ ياخشى نەتىجىلەرنى بېرىدىغانلىقى ئەينەن بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى باياشات تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن راھەتپەرەسلەر جىددى پەيتتە قۇرال كۆتۈرۈشكە يارىمايدۇ. مۇنداق ئىشقا پەقەت كەسكىن ئىرادىلىك، چىدامىلىق ھەقىقىي ئادەملەر يارايدۇ. بۇ تەربىيىنىڭ تەسىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش تۇرمۇشلاردا ئىشغالىيەت ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك ئورنىغا ئازاب ـ ئوقۇبەت تەقدىم قىلىنىپ داق

www.munber.org

ياغاچ تاختاي ئۈستىدە ئۇخلايدىغان، «ئەبراش»[1] دە، تېگى سىمۇنت يەردە ياتىدىغان، قىيناش، ئاھانەت قىلىش قانۇن قىلىپ بېكىتىلگەن ۋاقىتلاردا ھەقىقىي رەۋىشتە كۆرۈندۇ.

## ئىسلام تەربىيىسىنىڭ جىھادقا بولغان تەربىيە تەرىپى

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ تەربىيە جەھەتتىكى ھەرىكەت ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى جىھاد تەربىيىسىدۇر. مەن بۇ «جىھاد» دېگەن سۆزدىن ئەسكەرلىك ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان قۇراللىق ھەرىكەتنىلا دېمەكچى ئەمەس. «جىھاد»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى «ئەسكەرلىك» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىدىن چوڭقۇر ھەم ئومۇمىيراقتۇر.

«ئەسكەرلىك» دېگەن سۆز: قاتتىق قوللۇق بولۇش ۋە چېنىقىش دېمەكتۇر. لېكىن، مەن دېمەكچى بولغان جىھاد: ئىمان، ئەخلاق، پاك روھ ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنى دەۋەت يولىدا سەرپ قىلىش..... قاتارلىقلار بولۇپ، يۇقىرىقى قاتتىق قول بولۇش ۋە چېنىقىشنى ھەم بىرگە ئېلىپ بارىدۇ.

شۈبھىسىزكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن «جىھاد» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئىسلامىي تەربىيە ۋە ئىسلامى ھاياتتىن سىرت بىر ئىشقا ئوخشاپراق قالغان ئىدى. دىنى جامائەتلەرنىڭ سۈپىزىمچىلىرىمۇ، سۈپىزىمچى ئەمەسلىرىمۇ «جىھاد» دېگەن سۆزگە قاراپمۇ قويمايتتى. ۋەتەنپەرۋەر پارتىيىلەر بولسا

[1] بىر خىل قىلىن، يېرىك كىيىم ـ ت

سىياسىي كۆرەشنىلا مۇھىم بىلەتتى. مەسجىد ۋە باشقا دىنىي سورۇندىكى نەسىھەتچىلەر، مۇرشىدلار (يەنى دىنىي يولباشچىلار) جىھادنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتىدىن سىرت بىر ئىش دەپ قارايتتى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتى مەيدانغا كېلىپ جىھادنىڭ مەزمۇن ـ چۈشەنچىسىنى تىرگۈزۈپ، روشەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ ھەر قايسى تەرەپلەرگە شۇ مەزمۇن ئۇنلۇك ئاۋازدا كەڭ تارقىتىلدى. ۋە بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ رىسالە ـ كىتابلىرىدا، گېزىت ـ ژورناللىرىدا، لېكسىيە ۋە مەجلىس ئورۇنلىرىدا، شېئىر ـ غەزەللىرىدە جىھادقا قارىتا ئالاھىدە بىر ھالەت شەكىللەندۈردى. مانا بۇ جىھادنى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ـ «بەيئەت» ئېلىشتىكى 10 ئاساسىنىڭ بىرسى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ «جىھاد بىزنىڭ قۇتۇلۇش يولىمىزدۇر. ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولۇش بىزنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇيىمىزدۇر» دەپ ئىبارە كەلتۈرۈلگەن نىشانلىرىنىڭ بىرسى دەپ ھېسابلىدى.

«بەدرى» ئۇرۇشى، مەككىنى فەتھى قىلىش ۋە ئۇندىن باشقا چوڭ ئىسلامى غازاتلارغا ئوخشاش جىھادقا ئالاقىدار بولغان ئىسلامى مۇناسىۋەتلەر ئاستىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا ئىلگىرىكى ئىسلام تارىخىنى تونۇشتۇرۇش مانا بۇ تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ جىھادنى ئەسلىتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز ئائىلىلىرىدە ئوقۇش، ئۆگىنىش ئۈچۈن كىتاب بەلگىلەپ بېرىش، بولۇپمۇ پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان كىتابلارنى تەييارلاپ بېرىش ئۇلارنىڭ جىھادقا تەربىيىلەش خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخ ـ تەرجىمىھالى ئاللاھنىڭ يولىدىكى جىھادنىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھال كىتابلىرى ئىلگىرى «جەڭنامە» دەپ ئاتىلاتتى. «فىقھى» ئىلىملىرىدە «جىھاد كىتابى» دەپمۇ ئاتالغاندى.

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە ياد ئېلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن دىنىي ماتېرىياللارنىڭ باش قىسمى قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە ئەنفال دەپ كۆرسىتىلگەن. سۈرە ئەنفال مۇسۇلمانلار خەۋەرسىز قالغان جىھادنىڭ مەنىسىنى تەكىتلىگەنلىكى ئۈچۈن شۇڭا ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيەسى ۋە ئېلىپ بارغان تەربىيىسى كەڭ دائىرىلىك سۈپەت بىلەن بولۇپ ئۇلار ئىچىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇق خىسلىتى، دىن ئۈچۈن ھەر قانداق پايدىلىق نەرسىنى ئايىماي بېرىش، سەرپ ئېتىش ئەخلاقىنى، پىداكارلىق ۋە ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىش روھىنى يېتىلدۈردى. ھەمدە يەنە ئۇلاردا ئىتائەت، ئىنتىزام ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇشتەك ئېسىل خىسلەتلەردىن ئىبارەت «مۆئمىن جەڭچىلىك» روھىنى يېتىلدۈرۈپ چىقتى.

جىھادنى توغرا چۈشەنگەنلىكتىن ھاسىل بولغان ئۇلۇغ ھەقىقەت 1948 ـ يىلى پەلەستىننى يەھۇدىلار چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چاقىرىلغان (يەنى ئىختىيارى ھالدا ياردەمگە سەپەرۋەر

www.munber.org

قىلىنغان) ۋاقىتتا رۇشەن، كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاشكارا بولۇپ «ئەي جەننەتنىڭ خۇشبۇيلىرى! قوزغىلىپ چىق، ئەي ئاللاھنىڭ ئاتلىرى! بىزنى جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ بار، شۇ جايدا شەھىد بولۇپ جەننەتتە راھەت كۆرىمىز...» دېگەن ئاۋازلار تەرەپ ـ تەرەپتە ياڭراپ كەتتى. دېمەك، دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان يىگىتلەر «پەلەستىن»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇقەددەس زېمىندا جىھادنىڭ شەرەپلىك، تۆگىمەس ھەسسىلىرىگە يېتىشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ ھەر تەرەپتىن يىغىلىپ، يەھۇدىلارنى يېڭىش ياكى ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشكەنگە قەدەر بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ كېتىشتى.

مەن «ئەبدۇلۋەھھاب بىتانۇنى» ئىسىملىك ئەڭ يېقىن، ئىلغار ساۋاقدىشىمنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالالمايمەن. ئۇ مېنىڭ «تەنتا» ئىنىستىتوتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە بىرگە دىنى دەرس ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى، ئۇنىڭ پەلەستىندىكى جىھادقا قاتنىشىشقا ئىشتىياقى تولىمۇ قاتتىق ئىدى. ھەتتاكى، ئۇ دوستۇمنىڭ بۇ ئارزۇسى ئۇنىڭ كېچىدىكى چۈشى ۋە كۈندۈزدىكى پۈتۈن مەشغۇلاتىغا ئايلاندى. بىراق، ئۇ دوستۇمنىڭ ھەقىقىي ساداقەتمەن رىغبىتىگە ئىككى توسالغۇ قاراپ تۇراتتى: بىرسى، دوستۇمنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، بەكمۇ مېھرىبان، بولۇپمۇ دوستۇمنىڭ رەھمەتلىك دادىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان شەپقەتلىك ئانىسى ئىدى. ئانا ئوغلىنىڭ يىراققا كېتىپ ئايرىلىپ كېتىشىگە چىدىيالمىغان يەردە، قانداقمۇ ئوغلىنى ئۆلۈمگە ئەۋەتىشكە چىدىيالىسۇن؟ (ئۇنداققۇ بولماس). شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا ئوغلىغا رۇخسەت

www.munber.org

قىلمىدى ۋە دوستۇمنىڭ ئۇرۇشقا ماڭىدىغان بۇرادەرلىرىنىڭ قاتارىدا ئىسمىنى يازدۇرۇشىغىمۇ رازى بولمىدى. دوستۇممۇ ئانىسىغا بەكمۇ مېھرىبان، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىشقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا رازى بولماي، رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ جىھادقا چىقىش ۋاجىپ بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دوستىمىزنىڭ ئانىسى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق، ئۇنىڭغا جىھادنىڭ پەزىلىتى، جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى، ئىلگىرىكى مۇسۇلمان قەھرىمانلارنىڭ تارىخلىرى ۋە شۇنداق قەھرىمانلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ جەننەتتىكى ئورنى قاتارلىقلارنى قايتا ـ قايتا ئۈزۈلدۈرمەي سۆزلىدۇق. نەتىجىدە ئانا ئوغلىغا مېھرىبانلىقى ۋە شەپقەت يەتكۈزۈش غەمگۈزارلىقى تۈپەيلىدىن كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا رۇخسەت قىلدى. ئىككىنچى تۇسالغۇ، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ، ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جەڭگە قاتنىشىشقا يول قويماسلىق ھەققىدىكى قارارى ئىدى.

بۇ چاغدا ھېلىقى دوستۇم «بىتانۇنى» (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بىزدىن ئومۇمى باش رەھبەر ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇ زاتقا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلار قاتارىغا ئۇنى تىزىملىتىش ھەققىدە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تۇرىۋېلىشىمىز ۋە ئانىسىنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تىزىملىتىپ كىلىشىمىز ئۈچۈن «تەنتا»دىن (جاي نامى ـ ت) «قاھىرە»گە بېرىشىمىزنى مۇراجىئەت قىلىپ تۇرىۋالدى. دوستىمىزنىڭ

www.munber.org

تەلىۋىگە بىنائەن، مەن، دوستۇم ئەھمەد ئەسسال ۋە دوستۇم مۇھەممەد سەفتاۋى قاتارلىقلار قاھىرەگە بېرىپ ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بىلەن كۆرۈشتۇق ۋە ئۇستازغا دوستىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ھالدا مەلۇم قىلدۇق. بىز شۇ ھالەتتە ئۇستاز سۆزىمىزنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر تۇرۇپ بۇ سەپىرىمىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق.

دوستىمىز بۇ نەتىجىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇستازىمىز «ئەلبەھىل خەۋلىي» رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىگە سۆزلەپ بەرگىنىمىزدە ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەبدۇلۋەھھاب بىتانۇنىنىڭ چىرايىدىكى سۇزۇكلۇك شەھىدلەرنىڭ سۇزۇكلىكىنىڭ ئۆز ئەينىدۇر. مەن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ يۈزىدە شەھىدلىك قىنىنىڭ يالتىراپ تۇرغىنىنى كۆرەتتىم، ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.»

دوستۇم ھەقىقىي قەھرىمانلىق ھالىتىدە شەھىد بولغانىدى. ئۇ بۇرادەرلىرىدىن ئىككى كىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاشلىق ئامبىرى ۋە ئوق ـ قۇرال ئىسكىلاتىغا كىرگەندە، كەينىدىنلا يەھۇدىيلار كىرىپ قېلىپ ئۇلار پارتلاتقۇچ بومبا ساندۇقلىرىغا ئوت ياقتى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قۇرال ئىسكىلاتى ۋە ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. لېكىن ھېلىقى پارتلاش بىلەن بىرگە ئۈچ قەھرىمان ئالىي مەقاملىق كىشىلەر قاتارىغا (يەنى جەننەتكە) كەتتى.

مانا مۇشۇنداق قەھرىمانلىق روھ يالغۇز شەھىد ئەبدۇلۋەھھاب بىتانۇنى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ مەيدانىلا بولماستىن، نۇرغۇن ياشلار

www.munber.org

«ھايكىستىپ» دىكى (جاي نامى ـ ت) ھەربىيلىكنى ئۆگىنىشكە كىرىش ئۈچۈن ئائىلىلىرىدىن قېچىپ چىقىشقان ئىدى. ئۇلارنى كەسكىن ئىرادىسىدىن ياندۇرۇش ۋە بۇ يولدىن يېنىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن دادا ـ ئانىلار كۆپلىگەن ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار ياشلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي ئەمەلىيەتكە رازى بولۇشۇپ ھەقىقىي ئىمانىنىڭ مۇشۇ بىر زامان ياشلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ بۇلارنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ھازىرقىدەك قەھرىمان ھالىتىگە ئۆزگەرتكەنلىكىگە، شۇ ياشلار ئالالاھنىڭ يولىدىلا بولىدىكەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا قىلىشتى. توسىماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىسىگە شۇ ياشلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئى قەۋمىم! مىنى توسماڭلار، مىنى جىھادقا قويۇۋېتىڭلار، چۈنكى مىنى جەننەت چاقىرىۋاتىدۇ». شۇلار ئىچىدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرى بار پىرونتقا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداشلىق بىرىپ، يۈك پويىزىغا چىقىپ قىينىلىپ ماڭغانلار ۋە «سەينا» چۆلىدە پىيادە ماڭغانلار بار ئىدى.

ئىككى قىبلىنىڭ بىرى بولغان پەلەستىندىكى «ئەقسا مەسجىدى» نى قوغداش يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى سېتىپ قول بومبىسى، زەمبىرەك قاتارلىقلارنى سېتىۋالغانلار بار.

شۇنىڭدەك ئۆز رازىلىقىدىن ئۆزىنىڭ زىننەت بويۇملىرىنى ۋە تەئەللۇقاتىدىكى ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى سېتىپ ئىرىگە قۇراللانسۇن دىگەن مەقسەتتە تەقدىم قىلغان نۇرغۇن ئاياللار بار. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

www.munber.org

ئاياللارنىڭ ھەر بىرى جىھادقا ئىككى تۈرلۈك ھەسسە قوشقانىدى.

1. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى دىن ئۈچۈن سەرپ قىلىش.

2. ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ قەدىرلىك ئىرىدىن ئايرىلىشقا رازى بولۇش.

مەن «بىسيون» مەركىزىدىكى دېھقانلار ئىچىدىن تەشكىللاتقا قاتناشقانلاردىن «ھەسەن تەۋىل» ئىسىملىك بۇرادەرنىڭ قىسسىسىنى داۋاملىق ئەسلىمەكتىمەن: ئۇ كىشى ئايالى ۋە بالىلىرىنى، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ۋە پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ساۋابقا قىزىققانلىقى ئۈچۈن تاشلاپ پىدائىيلار تىزىملىكىگە ئىسمىنى تىزىملاتقان ئىدى. ئۇ كىشى بۇنىڭغىمۇ بولدى قىلماي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم قورالى بولغان كالىسىنى ساتتى. ئۇنىڭ پۇلىسىغا قورال سېتىۋېلىپ پەيغەمبەرلەر زېمىنى بولغان پەلەستىننى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ.

ئۇ كىشىگە كەنتە باشلىقى ھاجى ئەھمەد ئەلبەس: قۇتىزىڭنى (يەنى كالاڭنى) ئائىلەڭگە قالدۇرۇپ قوي، سەن ئۆزۈڭنى ئىختىيار قىلىپ، جېنىڭنى ئالقىنىڭغا ئېلىپ ئۇرۇش مەيدانىغا ماڭغانلىقىڭنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۆزى بىۋاستە جەڭگە بارالمىغانلار مال ـ مۈلكى بىلەن جىھاد قىلسا بولىدۇ دېگەندە ھەسەن تەۋىل ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىگە شۇ يەردىلا دىنىغا بولغان ئۆتكۈر قارىشى بىلەن سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ تائالا جېنىڭلار بىلەنلا جىھاد قىلىڭلار دېدىمۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار دېدىمۇ؟

www.munber.org

ئاللاھ بىزدىن جېنىمىزنى ـ ئۆزىمىزنىلا تەقدىم قىلساق جەننەت بېرىشكە ۋەدە قىلىپ جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە جېنىمىزنىلا سېتىۋالدىمۇ؟ ياكى مالنى ھەم جاننى بىللە جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدىمۇ؟ سىلى

إِنَّ ٱللَّهَ ٱشْتَرَىٰ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلْجَنَّةَ

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى﴾ (سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت) دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ سىلى بۇ گەپلىرىدىن پۇلنى نەق تاپشۇرماي تۇرۇپ مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ئىرادە قىلامىلا؟» شۇنىڭ بىلەن باشلىق بۇنداق كۆچلۈك ئىمان ئالدىدا بىر نىمە دېيىشكە ئامالسىز قالدى. ھەسەن باشقا جەڭچىلەر بىلەن ئۇرۇش سېپىگە يۈرۈپ كەتتى. كېيىن ئۇ ئۇرۇش سېپىدىن قايتقانلار بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىشنى، ئالقىش سادالىرىغا ئېرىشىشنى ئىرادە قىلغانلىق سەۋەبىدىن بولماستىن بەلكى، يەھۇدىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى سەۋەبلىك مەركەزدە قالدۇرۇش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا غەرب جاللاتلىرىدىن پەخرى ۋە غالىبلىق تىمسالى سۈپىتىدە سۆزلىنىدىغان سەئىددىن سەنباتىي دېگەن بىر قوماندان ھەسەننىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى.

www.munber.org

مانا شۇنداق ئالىي ۋە نادىر تىپلىلىدىغان روھ يەھۇدىيلارنى ئىزتىرابقا سېلىپ، بۇرادەرلەرنىڭ ئىسىملىرى يىقىنلا يەردىن سۆزلەنسە ياكى «الله اكبر» (يەنى ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ) دېگەن جەڭگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان ئاۋازى ئاڭلانسا قورققانلىقىدىن تىترەپ كېتىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

«ھەزرىي»لىك بىر مۇسۇلمان قوماندان يەھۇدىيلار قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغاندا ئۇلار ئۇنىڭغا: بىز پەقەت «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىن كەلگەن پىدائىيلاردىنلا قورقىمىز دېگەن ئىدى. ھېلىقى قوماندان ئۇلاردىن: «ئۇلارنىڭ سانى ئاز ۋە قورال - ياراقلىرى ناچار تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن قورقىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋابەن مۇنداق دېگەنىدى: «راستىنى ئېيتقاندا بىز ھەر تەرەپتىن زېمىنغا ياشاش ئۈچۈن كەلدۇق، لېكىن ئۇلار بۇ جايغا ئۆلۈش ئۈچۈن كېلىپتۇ»، دېمەك، ھاياتقا ئامراق ئادەم بىلەن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدەك ناھايىتى زور بولىدىكەن.

تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلار بىرلەشمىسى رەھبەرلىكى دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرى شۇ بولدىكى: بۇ رەھبەرلىك بىرەر بەن ئەسكەرنى ياكى بىرەر شەخسنى ھەربىي ۋەزىپىگە بۇيرىماقچى بولسا، باشقا بەندىكىلەرنى ياكى باشقا شەخسلەرنى ۋەزىپىگە بارماي شۇ يەردە قېلىشقا ئۇنۇتۇش ئەڭ قىيىن بىر مەسىلە ئىدى. دېمەك، ھەممىسى جىهادنىڭ شەرەپ - پەزىلىتىگە ئالدىرايتتى. شۇنداق بەسلىشىش گاھى چەك تاشلاش ئارقىلىق ھەل بولاتتى ياكى نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل بولاتتى. شۇ جايدىكى ھەر قانداق

www.munber.org

بىر بەنگە ھۇجۇم قىلىشقا رۇخسەت بىرىلسە شۇ بەندىكى شەخسلەر تەھلىل ئېيتقان (يەنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) ۋە تەكبىر ئېيتقان، ۋە ئى جەننەتنىڭ خۇش ھىدلىرى قوزغىلىپ چىق.... دىگەن ھالدا جەڭ مەيدانى تامان يۈرۈپ كىتەتتى.

ئۇستاز كامىل شەرىف «پەلەستىن جىڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ناملىق ئەسلىمە خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاتاقلىق دىنى ئالىم بىسيۇنى خەتتابىنىڭ ئوغلى ياش مۇجاھىد ئەبدۇلھەمىد خەتتابنى رەھبەرلىك «دەيرۇلئىلىم»دىكى جەڭ مەيدانىدا ئەسكەر بارىگاھىنى قوغداش ئۈچۈن قېلىشقا بۇيرىغاندا، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان يىگىت جىددىلىشىپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپكە بارالماي ئارقا سەپتە قاراۋۇل بولۇپ قالدىغانلىقىغا بەكمۇ قاتتىق ئېچىنىپ باش رەھبەرنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. نەتىجىدە رەھبەر ئاخىر ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىگە قوشتى. ئاخىرىدا ئۇ يىگىتنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ مەقسىدى ھەل بولدى.»

مۇجاھىد بۇرادەرلىرىمدىن ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىغا يۈيۈنۈپ، تاھارەت ئېلىپ قەلبلىرىدە ئىمان، يانلىرىدا قورئان، قوللىرىدا قۇرئان تۇتقان ھالدا كىرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قايسى بىرىگە ئوق تەگسە تەكبىر ئېيتىپ، شەھادەت ئۇقۇپ (يەنى

اشهد ان لا اله الا الله و اشهد ان محمد عبده و رسوله

www.munber.org

نى ئوقۇپ)، «ئى رەببىم! سىنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ ھۇزۇرىڭغا ئالدىرايمەن» دېگەن دۇئانى ئوقۇشلىرى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن قايسى ھالدا ئۆلۈمگە ئالدىنى قىلغانلىقلىرى نېمىدېگەن ئۇلۇغلۇقنى بىلدۈرىدۇ ـ ھە!

ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ پۇتىغا دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقىدىن بىر پارچىسى چۈشۈپ كېتىپ ئۇنىڭ پۇتىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ دوستلىرى يىغلاشقىلى تۇردى. ھېلىقى يارىلانغان بۇرادەر بولسا، پۇتىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاقتىدىكى بىر ساھابە ئوقۇغان مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا يوقكى پەرۋايىم،
شەھىد بولۇپ يېقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.
ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،
ئۇرۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.

ئۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ بىرىدە تەشكىلاتقا ئەزا، شەرقى مىسىرلىق مۇھەممەد مەنسۇر ئىسىملىك بىر بەننىڭ قوماندانىغا قاتتىق زەربە يەتتى. قوماندانغا زەربە يەتكەن سەۋەبتىن بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھۇجۇمدىن توختاپ قالدى. ئۇ كىشى شۇ تۆۋەن ھالىتى بىلەن تۇرۇپ تۇرۇغلۇق ئۇلارغا قاتتىق كايىپ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۆز ھاياتىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ھەمراھلىرى بۇ كىشىنى ئارقا سەپكە يۆتكەپ ئاپاردى. ئۇ كىشى كېيىن ھوشىغا كېلىپ دەسلەپتە بىرىنچى قىلغان سۆزى جەڭ مەيدانىدىكى ئەھۋاللارنى سوراش بولدى. جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپقۇدەك خەۋەرنى (يەنى غەلىبە خەۋىرىنى) قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبەسسۇم قىلغان

www.munber.org

هالدا ناھايىتى تەس «ئاللاھقا شۈكرى» دېيەلىدى. ئۇ كىشى ئاخىرقى نەپەسلىرىگە قەدەر دىنى، خەلقى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ تىلى تۆۋەندىكى دۇئادىن بىردەممۇ توختاپ قالمىدى: «اللهم انصر دعوتنا و حقق غايتنا» يەنى «ئى ئاللاھ ئىسلام دىنىغا قىلىدىغان دەۋىتىمىزنى ياردىمىڭگە ئېرىشتۈرگىن، بىزنىڭ نىشانىمىزنى ھەقىقەتكە چىقارغىن!» ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولغان، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە رازى بولغان ھالدا كىتىپ قالدى.

مانا يۇقىرىقىدەك ئازغىنا بىر قىسىم مىساللار بىزگە، دەسلەپكى زامانىدىكى (يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدىكى[1]) تارىخي ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىنى، بۇ ئۇممەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ، ھۆرلىكىنىڭ ئاچقۇچى ئىسلام ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ ئىسلام مۇشۇ ئۇممەتنىڭ قەھرىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ۋە ئۇ ئۇممەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلىدىغان بىر زاۋۇت ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇ ئۇممەتنى ئىمان چاقىرىقى، ئىسلام تەربىيىسى ھەرىكەتلەندۈرمىسە، مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئويغىتالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئۇستاز كامىل شەرىف «پەلەستىن جېڭىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دېگەن ئەسلىمە كىتابىدا: «ئىبرەت ـ ئەسلىمە بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن، سۆزلەشكە تېگىشلىك ئىلگىرىكى زامانلاردىكى

---

[1] پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدىكى ئىلغار ساھابىلار ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بولۇپ كەمچىلىكتىن خالىي ئىدى ـ ت

www.munber.org

قەھرىمانلىق تارىخلىرىدىن ئۈنى تەكشۈرۈپ راستىنى ـ راست تەجرىبە ئارقىلىق خاتىرە قالدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ. ۋە يۇقىرىقى تارىخى ئەھۋاللارغا چىنلىق بىلەن باھا بېرىدۇ.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى پىدائىي قېرىنداشلارغا «جىپ» ماركىلىق ماشىنا بېرىش مەسىلىسىدە قارار چىقارغان مەھكىمە ئالدىدا، مەۋۋاۋى ۋە سادىق قاتارلىق پەلەستىن ئۇرۇشىدا مىسىر قوشۇنلىرىغا قوماندان بولغان ۋە ئۇندىن باشقا چوڭ ئەربابلارمۇ مۆئمىنلەر قەلبى سۆيىنىدىغان، مۇناپىقلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن قەھرىمانلارنىڭ ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ئىدى.

مەۋۋاۋى دېگەن قوماندان مۇنداق دەيدۇ: «« مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر يەھۇدىلارنىڭ تىللىرىنى سۇغۇرۇپ ئۇلارنى «سەھرائى نەقىب»دە يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.»

پۇئاد سادىق مۇنداق دەيدۇ: «« مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ھەقىقىي قەھرىمان، ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى رەۋىشتە ئورۇنلىدى.»

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جىھادنى ئاساس قىلغان تەربىيىسىنىڭ تەسىرى جەۋلان قىلغان يەنە باشقا جەڭ مەيدانلىرى ھەم ئاياغلاشتى. مانا ئۇ مەيدان بولسا، قانال ئۇرۇشى ۋە ئەنگلىيە ئۇرۇشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئۇستاز كامىل شەرىف «سۇۋەيش قانىلىدىكى سىرىيە توقۇنۇشى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىقتى.

مەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەردىن

www.munber.org

شــــەھىد بولغـــانلارنى بولۇپـــمۇ «ئەزھـــەر» ئـــالىي مەكتىۋىـــدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن شەھىد بولغان ئۇمەر شاھىن، ئەھمەد مەنيىسىي، ئادىل غـانىم ۋە ئۇنىـدىن باشـقىلارنى بـىرەر ئـادەم ئۇنتـۇپ قالغانـدۇ دەپ ھەرگىـزمۇ ئويلىمايمەن. مانا بۇلار «تەللۇ كەبىر»دىكى ۋە ئۇنىدىن كېيىـن ۋە بـۇرۇن بولغـان ئۇرۇشـلاردا «ئـەركىنلىك ۋە ئـازادلىقنى ئىشغالىيەتچى باسقۇنچىلار ئۆزلىكىدىن بەرمەيدۇ، ئۇنى پەقەت كۈرەش قىلغۇچىلار ئۆز قانلىرى بەدىلىگە ئالالايدۇ» دېگەن ئۇلۇغ پەلسەپىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغانلار ئىدى.

بـۇ يـەردە بىـر ئېغىـز سـۆز قىسـتۇرۇپ قويۇشـقا تـوغرا كەلـدى: «مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار» تەشـكىلاتىدىكى بۇرادەرلـەر ئۇرۇشـقا بـەك ئەھمىيــەت بــرىپ، ئــۇنى ئــۆز ئــەمىلىيىتى بىلــەن كۆرسـىتىپ ئـۇرۇش مەيدانلىرىدا ئادەملەرنىڭ ئەڭ يارامىلىقلىرىنى قۇربان بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا پۈتۈنلەي تەلتۆكۈس جىھاد ھېسابلانمايدۇ.

شۈبھىسـىزكى، ئـۇلارنىڭ ئىسـلامدىن ئۇگەنگەن جىھاد چۈشەنچىسى بولسا يۇقىرىقىغا ئوخشاش جەڭ قىلىش، ئۇرۇش قىلىشنى گەۋدە قىلغان ھالدا يەنىمۇ ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر چۈشەنچىدۇر.

ئىسـلام زېمىنلىرىنىـڭ قايسى بىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسـۋالغان تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش قەتئىي پەرز بولغاندەك، كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگــە ۋە ئــۇلارنىڭ كــەلتۈرۈپ چىقارغــان كــۇفرى تاجاۋۇزىغا قارشى ئـۇرۇش قىلىـش مۇقەددەس دىنىـي مەجبۇرىيـەت بولغانـدەك، مۇناپىـق - خـائىنلار بىلـەن، بىدئەتچىلـەر (يـەنى دىنىـدا ئاساسى يوق ئىشلارنى قىلغۇچىلار)، زالىملار ۋە بۇزۇقلار بىلەن جىھاد

www.munber.org

قىلىشمۇ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسى جەھەتتە يۇقىرىقىدىن كەم تۇرمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ جَـٰهِدِ ٱلْكُفَّارَ وَٱلْمُنَـٰفِقِينَ وَٱغْلُظْ عَلَيْهِمْ ۚ

﴿ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن﴾ (سۈرە تەۋبە 73 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرى: جىهادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زالىم پادىشاھلار ئالدىدا ھەقىقەتنى قورقماي سۆزلەش» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. بۇنداق دېگەنلىكنىڭ مەنىسى: «ئىچكى بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش، سىرتقى ئۇرۇشقا قارشى تۇرغانغا ئوخشاش ھەر ئىككىلىسى پەرز، ھەر ئىككىلىسى جىهاددۇر.» دېگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆزى قىلمايدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەيدىغان، بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلىدىغان زالىم پادىشاھلار توغرىسىدا سۆزلەپ مۇسۇلمان ئۇممەت ئۇلارنىڭ زالىم ھۆكمىگە، مۇستەبىتلىكىگە ئۇچرىغان چاغدا، قىلىشقا تېگىشلىك قايسى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەش كېرەك؟ دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، ئۇلارغا قارشى قولى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. كىمكى، ئۇلارغا قارشى تىلى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. كىمكى، ئۇلارغا قارشى دىلى بىلەن جىهاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. قەلبىدىمۇ جىهاد قىلالمىسا ئۇنداق ئادەمدە ئىماندىن زەررىچىلىك بىر نەرسە قالمايدۇ.»

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق گۇناھنى يامان كۆرۈش، جىنايەتچىگە غەزەپ قىلىش، نەپرەتلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزۈش قاتارلىق دىلى بىلەن جىھاد قىلىش بولسا، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى. مانا بۇنداق جىھاد، قولى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشى تىلى بىلەن جىھاد قىلغاندەك، تىلى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىگە پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە مەن مۇسۇلمان دېگەن كىشىگە پەرز بولغان جىھاد قۇرال بىلەنلا ۋە كاپىرلار بىلەنلا جىھاد قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئاللاھ قۇرئاندا تۆۋەندىكىدەك ئايەتنى نازىل قىلغان تۇرسا قانداقمۇ ئۇنداق دېگىلى بولسۇن؟

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ جَـٰهِدِ ٱلْكُفَّارَ وَٱلْمُنَـٰفِقِينَ وَٱغْلُظْ عَلَيْهِمْ ۚ

﴿ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن﴾ (سۈرە تەۋبە 73 ـ ئايەت). مۇناپىقلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا يۈرگەچكە قۇرال بىلەن جىھاد قىلىنمايدۇ. ئۇنداقلارغا ئۇقۇملۇق قىلىپ نەسىھەت قىلىش ۋە دەلىل ـ پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇنداقلا ئادەمگە تەسىر قىلىدىغان تەسىرلىك سۆزلەر ئارقىلىق ئاللاھ قۇرئاندا دېگەن بويىچە قىلىش لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعْلَمُ ٱللَّهُ مَا فِى قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ

www.munber.org

وَعِظْهُمْ وَقُل لَّهُمْ فِي أَنفُسِهِمْ قَوْلًا بَلِيغًا

﴿ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن.» (سۈرە نىسا 63 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان سۆزىدىن يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:

فَلَا تُطِعِ ٱلْكَـٰفِرِينَ وَجَـٰهِدْهُم بِهِۦ جِهَادًا كَبِيرًا

﴿شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۆرەش قىلغىن﴾ (سۈرە فۇرقان 52 ـ ئايەت). مانا بۇ جىھاد قىلىش ھەققىدىكى ئايەت سۈرە فۇرقاندا بولۇپ بۇ سۈرە ئۇرۇش رۇخسەت قىلىنىشتىن بۇرۇن مەككىدە نازىل بولغان. مەككىدە ئۇرۇشقا بۇيرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، رۇخسەتمۇ قىلىنمىغان ئىدى.

دېمەك جىھاد دېگەن ئۇرۇش قىلمايمۇ بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش، دەۋەتنى يەتكۈزۈشتە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئۇنىڭ ئاچچىق زەربىلىرىگە چىداشلىق بېرىش، دەۋەت يولىدا يەتكەن جاپا ـ مۇشەققەتكە، ئۇنىڭ مۇساپىسىنىڭ، نىشانىنىڭ يىراق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلماي

www.munber.org

چىدامىلىق بولۇش، مانا بۇلار ھەقىقەتەن ئۇلۇغ جىھاددۇر. سۆزىمىزگە تۆۋەندىكى ئايەت ئىشارەت قىلىپ، جىھادنىڭ پايدىسى كىمگە بولىدىغانلىقىنى، نەتىجىسىنى كىم كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

وَمَن جَٰهَدَ فَإِنَّمَا يُجَٰهِدُ لِنَفۡسِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ

﴿كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر﴾ (سۈرە ئەنكەبۇت 6 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش قۇراللىرى ۋە ئۇ جىھادنىڭ تۈرلىرىنى بىزلەرگە روشەن ھالدا ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مۇشرىكلار (يەنى كاپىرلارغا) قارشى قولۇڭلار، ماللىرىڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار».

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل جىھاد بار بولۇپ، ئۇ بولسا ئادەم ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر. شۇ جىھاد نەتىجىسىدە ئىسلامنى ئۆگىنىدىغان، ئىسلام بويىچە ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنى شۇ ئىسلامغا چاقىرىدىغان ئىسلامنىڭ يولىدا پۈۋلاتتەك مۇستەھكەم تۇرىدىغان بولۇش، شۇ ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ياكى شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەقىلنى ئازدۇرىدىغان ۋەھىمە ـ گۇمانلار، ئىرادىنى قايمۇقتۇرىدىغان كۆڭۈل ئارزۇلىرى قاتارلىقلارنى ئىنسانىنىڭ ئىچكى

www.munber.org

دۇنياسىغا تاشلاش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان شەيتانغا قارشى شۈبھىلەرنى قوغلاپ چىقىرىدىغان، چوقۇم ئىشىنىشتىن ئىبارەت قۇرال ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغان سەۋرىدىن ئىبارەت قۇرال بىلەن جىھاد قىلماي بولمايدۇ. مانا شۇنداق قىلغاندىلا گۇماننى يوقىتىش، كۆڭۈل خاھىشىنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت جەڭ مەيدانىدا ئىنساننىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتان ئۈستىدىن غالىب بولغىلى بولىدۇ. ھەمدە سەۋرى (يەنى چىداملىق بولۇش) ۋە چوقۇم ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قاناتقا تايىنىپ دىندا يولباشچىلىق قىلىش مەقامىغا يەتكىلى بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا ۖ وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ

﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾ (سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت).

مانا بۇلار بولسا ئىسلام كۆرسەتمىسىدە ئەتراپلىق بولغان جىھادتۇر. شۇنىڭدەك «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ چۈشەنگەن ۋە ماڭغان، قوللانغان جىھادى ئەنە شۇدۇر.

دەۋەت يولباشچىسى ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «تەلىملەر» ناملىق رىسالىسىدە «جىھاد» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى

www.munber.org

ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدىن تەلەپ قىلغان پىيتى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن جىھاد دېگەن سۆزنى قىيامەتكىچە توختىماي داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق كىشى جىھاد قىلماي، جىھاد قىلىش نىيىتىنىمۇ قىلماي ئۆلۈپ كەتسە جاھالەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ.» دېگەن ھەدىسىدىن مەقسەت قىلىنغان جىھادنى دېمەكچىمەن.»

جىھاد مەرتىۋىلىرىنىڭ دەسلىۋى خاتا ئىشقا دىلدا ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئەڭ ئالىيسى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتۇر. تىل ئارقىلىق جىھاد قىلىش، قەلەم ئارقىلىق جىھاد قىلىش، قول ئارقىلىق جىھاد قىلىش، زالىم پادىشاھلار ئالدىدا ھەقىقەتنى سۆزلەش قاتارلىقلار بولسا يۇقىرىقى ئىككى پەرق (يەنى يۇقىرى پەللىسى بىلەن تۆۋەن دەرىجىسى) ئارىسىدىكى جىھادتۇر.

دىنغا دەۋەت قىلىش بولسا جىھادسىز مەيدانغا چىقمايدۇ. دەۋەت يولىدا بولغان جىھادنىڭ بۈيۈك بولۇشى، دەۋەتنى كۆچلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىقتىسادنىڭ كۆپلىكى ۋە دەۋەت يولىدا قان ـ تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگەنلەرنىڭ ئەجرىنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىقلار دەۋەتنىڭ ئالىي ـ ئۈستۈنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭرىلىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَجَٰهِدُواْ فِي ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦۚ هُوَ ٱجۡتَبَىٰكُمۡ وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلدِّينِ مِنۡ حَرَجٖۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمۡ إِبۡرَٰهِيمَۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ

www.munber.org

ٱلْمُسْلِمِينَ مِن قَبْلُ وَفِى هَـٰذَا لِيَكُونَ ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ ۚ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعْتَصِمُوا۟ بِٱللَّهِ هُوَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ فَنِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ ٱلنَّصِيرُ

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمىغۇدەك ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر. ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾ (سۈرە ھەج 78 ـ ئايەت).

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ مۇشۇنداق كەڭ دائىرىدە چۈشەنگەن چۈشەنچىسى ئەزالارنى ئىسلام زېمىنىنى قوغداش، شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسىنى قوغداش كۈرىشىنى

www.munber.org

ئەمىلىيەتكە چىقارغۇچى ئامىل بولۇپ قالدى. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئومۇمىلىشىشى ئاساسى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا، مۇسۇلمانغا زېمىن كېرەك ئەمەسمۇ؟ زېمىن مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ پەقەت شۇ دىننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ۋاستە بولىدىغان ئۇرۇندىن، ۋاستىدىن ئىبارەت بولۇپ، زېمىنمۇ كېرەك ئەلۋەتتە. شۇڭا دىن تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىگىدارلىقنى ئېتىراپ قىلمايلا قالماستىن يەنە كېرەكلىك جاي ـ ۋەتەننى قوغداشنى ۋە ئۇنى دىننىڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھلىرىدىن تازىلاشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرادەرلەر سىرتقى تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى تۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى قۇتراتقۇلارغا قارشى تۇردى. بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچى باسقۇنچىلارغا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئەلمانىيلەر»گە (پارتىيە نامى ـ ت) قارشى تۇردى. بۇرادەرلەر ئىسلام زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغۇچىلار بىلەن ئىسلام قانۇنىغا قارشى چىققۇچىلارنى پەرقلەندۈرمەي قارشى تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قانۇنىنى كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا جىھاد مەيدانىغا شۇڭغۇغاندەك، زېمىننى ئازاد قىلىش كۆرىشىگە ھەم چۈكۈپ كەتتى. بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قانلىرى ئىنگىلىز ـ يەھۇدى كاپىرلارنىڭ قوللىرىدا ئاققاندەك، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ئاتىۋالغان يەرلىك ئەكسىيەتچى يۇندىپۇرۇشلارنىڭ قوللىرى ئارقىلىقمۇ ئاقتى.

تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلار جىھادنى قۇرال بىلەنلا قىلىپ قالماي، دىن قايسى تەرىقىدە راۋاجلانسا شۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ھەر تەرەپلىمە جىھاد قىلغانلىقى ئۈچۈن بەزىسى پەلەستىن زېمىنى ۋە سۈۋەيش قانىلىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا شەھىد بولغان بولسا، بەزىسى «لىمان تۇررە» ۋە «قەلئە» زېمىنلىرىدا ۋە ھەربىي تۈرمە قاتارلىق قىيناش

www.munber.org

مەيدانلىرىدا شەھىد بولدى.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كۈچلەر بۇرادەرلەرنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا مەنسەپ، پۇل ـ بايلىق بىلەن سېتىۋېلىشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى بېسىقتۇرۇپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى قەست قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، مەنسەپ بىلەن ئالداشتىن ئىبارەت بۇنداق «قۇدرەتلىك ـ ھۆكۈمران كۈچ» بۇرادەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ئۇنۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قۇلاقلىرىنى گەپكە سىڭدۈرەلمىدى. ھېلىقى «قۇدرەتلىك كۈچ»نىڭ ئېرىشكىنى پەقەت قەتئىي رەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايىتى بىلەن جاۋاب بېرىش بولدى:

أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٍ فَمَآ ءَاتَىٰنِۦَ ٱللَّهُ خَيۡرٞ مِّمَّآ ءَاتَىٰكُم بَلۡ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمۡ تَفۡرَحُونَ

﴿سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر.» (سۈرە نەمل 36 ـ ئايەت).

سۈيىقەستچى دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالداش، قورقۇتۇش چارىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قۇرۇق قول قايتقاندىن كېيىن، قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى كۆپ قېتىم قوللانغان بولسىمۇ، نەتىجىسى ئىلگىرىكى ئالداش ئۇسۇللىرىدىن تېخىمۇ بەتتەر ھالدا پايدىسىز بولدى. ھەر قايسىسىنىڭ نەتىجىسى

www.munber.org

سەلبىي ھالدا ئۆز ئىگىسىگە قايتتى. نەتىجىدە بۇ «كۆچ» ئۆزى ئۈمىد قىلغان ۋە باشقىلارنى قورقىتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئارزۇسى ئىشقا ئاشمايلا قالماستىن قېرىنداشلىرىمىز گەرچە ئۆتتە كۆيدۈرۈلسىمۇ، ۋەيران قىلىنسىمۇ ياكى ئوتۇق قولغا قۇياش، سول قولىغا ئاينى ئېلىپ بېرىش بىلەن ۋەدە قىلىنسىمۇ دەۋەتتە مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئاداقىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كەسكىن ئىرادىلىرىنى ۋە ئەمىلىيەتلىرىنى كۆرۈپ تۇنجۇقۇپلا قېلىشتى.

مانا شۇنداق مەنپەئەتلەرگە ئۇنىماي، ئالدانماي، كەسكىن، مۇستەھكەم تۇرۇش بولسا ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پرىنسىپىدۇر. ھەر قانداق چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئاشۇ پرىنسىپلارغا ئارىلىشىش مەقسىدىنى قەتئىي رەت قىلىش، ئۇنداق ئىشنى مەيداندىن قەتئىي ئېلىپ تاشلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنداق ئىشقا قارشى مۇستەھكەم تۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇقەددەس بۇرچى. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ ھەرىكىتى چەتئەل كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك قول - چوماقلىرىنىڭ قۇرغان ھىيلە - مىكىر تۇزاقلىرى، شۇ ھەرىكەتكە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئىچىلغان قۇرۇلتايلىرى، كۈچى يېتىدىغانلا بولسا شۇ ھەرىكەتنى تۈپىتىن يۇلۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتلىرىگە قاتمۇ - قات زەربە بەردى.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. ئەمدى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قاتمۇ - قات جاپا - مۇشەققەتلەر، كەينى - كەينىدىن توختىماي كېلىپ تۇرغان زەربىلەر، ئادەتتىكى ئادەملەر تاقەت قىلالمىغۇدەك دەرىجىدىكى كۆلپەتلەر ئىچىدىن چىقماي، بوشاشماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقى

www.munber.org

ياكى شۇ جەۋر ـ جاپالاردىن بۇشانسىمۇ، شۇنىڭدىن چوڭراقىنى دەپ بۇشىنىدىغانلىقىنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم بىر سىر بار، ئەلۋەتتە.

مانا بۇ سىر بولسا بۇرادەرلەر ھەر قانداق ھەرىكەت مەيدانىدا ئۇنىڭ ئەزالىرى سەل بۇشاشسا، باشقىلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىگە سەل قاراپ ئالدانسا ياكى بەزى ئۇتۇقچىلىقلىرىدىن مەغرۇرلانسا ئاسانلا تۇگىشىپ كىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئىدى.

يۇقىرىقى سۆزلەرگە قارىمىغاندىمۇ، تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر مەيلى جاپا ـ مۇشەققەت كىلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ئېغىر كۆلپەتلەر كىلىۋاتقان پەيتتە بولسۇن، مەيلى ئېغىر كۈنلەر كىلىپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن، ئىشقىلىپ ئالداش ياكى قورقۇتۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا باش ئەگكىنى، بۇشاشقىنى يوق. ئۇلار ھەقىقەتەن ئەشۇ جاپالارغا مەردانىلەرچە چىداشلىق بىرىپ قەھرىمانلارچە ئۆز يولىدا مۇستەھكەم تەۋرەنمەي تۇردى. ئەگەر سىز باشقىچە تەلەپپۇزدا دىمەكچى بولسىڭىز: «ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئەھدىسىدە راستچىللىق بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان مۆئمىنلەرچە تۇردى» دىيسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەنە شۇ بۇرادەرلەر ئىچىدە بىرەرسى بىر كۈندە قاتتىق قىيناش، قىستاش، قورقۇتۇش ئاستىدا ئاللاھ تائالانىڭ:

إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُۥ مُطْمَئِنٌّۢ بِٱلْإِيمَـٰنِ

﴿قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن

www.munber.org

مۇستەسنا﴾ (سۈرە نەھل 106 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، كۆڭلىدە رۇخسەت هاسىل قىلىپ، ئىشنى توغرىسىغا ئويلاپ تۇرۇپ، قەلبىنى كۇفرىغا بىكارلاپ بەرمەسلىككە، زۇلۇمنى هەرگىز ماختىماسلىقا، ئىسلامدىكى نىشاندىن ئايرىلىپ كەتمەسلىككە قەتئىي ئىشەنچ قىلغان هالدا، زالىم ـ تاغۇتلار (يەنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى)نىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىپ، تىلى بىلەن بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ ياكى قەلەم بىلەن بىرەر قۇر خەت يېزىپ بېرىپ، تاغۇتلار بىلەن مادارا قىلىپ سالغان بولسا (يەنى كىلىشىپ چىقىشىپ قالغان بولسا) دەرهال پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۆز ـ ئۆزىگە يىغلاپ هەسرەت چېكىپ، ئۆز پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئەڭ دەسلەپ تەۋبە قىلىپ، گۇناھىدىن كەچۈرۈم سوراپ، جامائەت ئاممىسىغا ئۆزرە، پۇشايمان ئېيتاتتى.

ئۈلۈم هالىتىدە قەلبىنى كۇفرىدىن ساقلاش شەرتى ئاستىدا تىلى بىلەن بەزى گەپلەرنى قىلىپ هاياتىنى ساقلاپ قېلىش توغرا بولسىمۇ، تەشكىلاتچىلار كامال ئېتىقاد تۈپەيلى شۇنداق قىلاتتى.

www.munber.org

# ئىسلامنىڭ جەمئىيەتكە قاراتقان تەربىيىسى

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر جەمئىيەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىلىرىدىن بىرى دېگەن كۆز قاراش بىلەن تەربىيىلەندى. قۇرئان كەرىم مۇسۇلماننىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئۈچ گەۋدە قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

1. ئاللاھقا بولغان ئالاقىنى ئىبادەتتە گەۋدىلەندۈرۈش.
2. جەمئىيەتكە بولغان ئالاقىنى جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتە گەۋدىلەندۈرۈش.
3. دۈشمەنگە بولغان ئالاقىنى جەڭ مەيدانىدا گەۋدىلەندۈرۈش.

يۇقىرىقى سۆزىمىز ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱرۡكَعُواْ وَٱسۡجُدُواْ وَٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمۡ وَٱفۡعَلُواْ ٱلۡخَيۡرَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ وَجَٰهِدُواْ فِي ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦ

ج

﴿ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش-

www.munber.org

ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار﴾ (سۈرە ھەج 77 ـ 78 ئايەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىقتىسادى ئارقىلىق ياكى ئابرويى ئارقىلىق ياكى بەدىنى ئارقىلىق ياكى پىكرى ئارقىلىق ياكى تىلى ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى ياكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىدىغان ھەمدە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار: بىز سىزگە ئىمام بۇخارى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايە قىلىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ سەدىقە قىلىشى ۋاجىب، بىرسى رەسۇلۇللاھقا سەدىقە قىلىشقا بىر نەرسە تاپالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دەپ بەرسىلە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ دېدىكى: ئىككى قولى بىلەن ئىشلەيدۇ ـ دە، ئۆزىمۇ مەنپەئەتلىنىپ، باشقىلارغىمۇ سەدىقە قىلىدۇ. ھېلىقى ئادەم: ئۇنداقمۇ قىلالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دەپ بەرسىلە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: قاتتىق غەمگە دۇچار بولغان ئادەمگە ياردەم قىلىدۇ. يەنە بىر ئادەم: بۇنىمۇ قىلالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دەپ بەرسىلە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ. ئۇ كىشى يەنە: بۇنىمۇ قىلالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ دەپ بەرسىلە! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەسكى، ناچار قىلىق ۋە

www.munber.org

يامان ئىشلاردىن (يەنى كىشلەرگە ئەسكىلىك قىلىشتىن) ئۆزىنى يىغىۋالسا بۇمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى». بۇ ھەدىسنى مۇھەددىس ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. ئاللاھ ھەر ئىككىلىسىدىن رازى بولسۇن!

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر ھەر بىرى ئۆز جامائىتى ئىچىدە پايدىلىق بىر ئەزا بولۇپ ياخشى ئىش قىلىدىغان، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا چاقىرىدىغان، يامان ئىشتىن يىرگىنىدىغان، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن توسىدىغان، كەمبەغەللەرگە ياردەملىشىپ ئاجىز - بىچارىلەرگە يار - يۆلەكتە بولىدىغان، بىلىمسىز - نادانلارغا ئىلىم - ئۆگىتىپ، غاپىللارنى ئاگاھلاندۇرىدىغان، گۇناھ - مەئسىيەت ئۆتكۈزگۈچىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىتىپ، ئاللاھنى ئۇنتۇغۇچىغا ئاللاھنى ئەسلىتىدىغان، كېسەللەرنى يوقلايدىغان، مېيىتنى ئۇزىتىشىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ ئەھلىگە تەسەللى قىلىدىغان، يېتىم - يېسىرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مىسكىنلەرگە تاماق بېرىدىغان، باشقىلارنىمۇ تاماق بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، جەمئىيەتنى ئويغىتىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتكە گەرچە ئۆزى چاقىرغۇچى ۋە ئۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرىلەتكۈچى بولالمىسىمۇ، شۇ ھەرىكەت يولىدا باشقىلار بىلەن بىرگە قاتنىشىدىغان بولغان ئىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر جامائەسى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ تايانچ بازىسى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەركىزى ئىدى. بۇلارنىڭ خىزمەتلىرى تەلىم - تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى، چېنىقتۇرۇش، داۋالاش، ئىجتىمائىي

www.munber.org

قوغداشقا قەدەر، دىنى ۋە سەھىيە جەھەتتىن يولباشچىلىق قىلىشقا قەدەر، ئىشقىلىپ نەتىجىلىك ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىدۇ.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جامائەسىدە «ياخشىلىق ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ تۈرلىرى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مۇھتاجلارنى ھەقسىز داۋالاش ياكى يوق ھېسابتىكى ھەق بەدىلىگە داۋالاش ئۈچۈن تىببى شىپاخانىلارنى تەسىس قىلغان بولۇپ، زاكات ـ سەدىقىلەرنى تېگىشلىكلەرگە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن توپلىغان، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۇرسلارنى ئاچقان، قۇرئاننى ياد ئالدۇرۇش ۋە چوڭلارغا ئىلىم ئۈگىتىش ئۈچۈن مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان، تائەت ـ ئىبادەتنى ۋە كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاشنى ھەقىقىي تۈردە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېڭى مەسجىدلەرنى بىنا قىلغان ياكى كونا مەسجىدلەرنى رېمونت قىلغان ئىدى. ۋە كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، جامائەتلەر دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى، ياخشىلىنىش يولىدا تۈرتكە بولغان تۈسالغۇ ـ داۋالارنى يۇقىتىشقا ھەسسە قوشىدىغان گۇرۇپپىلارنى تەشكىللىگەن ئىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ جەمئىيەتكە قارىتا قىلغان تەربىيە ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قارىشى مۇئەييەن رۇشەن ھالدا مۇقىملاشقان بولۇپ، بۇ پەلسەپىۋى قاراش ئىسلام تەبىئىتىدىن ۋە ئىسلامنىڭ مۇسۇلمان شەخسلەرگە ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قىلغان تەسەۋۋۇرىدىن ھاسىل قىلىنغاندۇر. لېكىن بەزى كىشىلەر (يەنى ئازادلىق پارتىيە)،

www.munber.org

بۇرادەرلــەرنىڭ ئىجتىمــائىي تەربىيىلەشــكە مەشــغۇل بولغــانلىقىنى «بۇنـداق قىلـىش ھەر تەرەپتىن پايدىسىز بىر ئىش بولۇپ، دەۋەتنى تارقىتىشقا كاشىلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ھەرىكــەت قىلىــش ۋە باشــقىلارنى شــۇنىڭغا چــاقىرىش ئىشــلىرىدىن جەمئىيەتنى چېكىندۈرۈپ قويىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى دەلىل قىلىپ ئەخمىقانــە بىــر ئىــش دەپ ئىنكــار قىلىشــتى. مۇنــداق دېگــۈچىلەر تۆۋەندىكى چوڭ بىر نەچچە ھەقىقەتتىن بىخەۋەردۇر. ئەلۋەتتە:

1. ھەر قانـداق ياخشى ئىش قىلىش، بىز قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل ـ پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ بايان قىلغىنىمىزدەك ئاللاھ بۇيرىغان، مۇسۇلماننىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. دېمەك، مۇسۇلمان ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش، ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندەك، ياخشــى ئىــش قىلىشــقا ۋە ئــۇنىڭغا باشــقىلارنى دەۋەت قىلىشــقا بۇيرۇلغاندۇر.

2. تــەھقىقلاپ ئېيتقانــدا، مۇســۇلمان دېگــەن ئــۆزى ياشــاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئىبارەت تەندىكى تىرىك بىر پارچە ئەزا بولغىنى ئۈچۈن، ئــۇنىڭ جەمئىيــەتنىڭ دەرد ـ ئەلــەم، مــۇڭ ـ زارىنــى ھــېس قىلىــش، چۈشىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشۇ جەمئىيەتكە يەتكەن دەرد ـ ئەلەم ۋە تۈرلۈك خاپىلىقلارنى يوقىتىشقا، ھېچ بولمىغاندا يەڭگىللىتىشكە بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ھەمدە ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان ياكى كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ياردەم قىلىش شارائىتى بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماي، دەردىگە دەرمان بولماي بىخارامان يۈرۈشى ھەرگىز توغرا ئەمەس، ھەم ئۇنىڭ

www.munber.org

ئەخلاقىغا ئۇيغۇنمۇ ئەمەس.

3. ياخشى ئىش قىلىشنىڭ ئۆزى بولسا، ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشتىن بىر قىسىم بولۇپ، بۇ دەۋەت بىر تەرەپتىن تىل ۋە قەلەم بىلەن تارقىتىلغاندەك، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئىش قىلىش ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. مانا بۇ (يەنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي تاپقۇزۇش بولسا) ھەر قايسى مەسىلەكتىكىلەر قوللىنىۋاتقان بىر ئۇسۇلدۇر.

4. جامائەتچىلىكتە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشقا قادىر كۈچ ـ قۇۋۋەت بولغىنى ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا جامائەتچىلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پىكرى ياكى تەربىيىۋى ھەرىكەتكە كېرەكلىك ئاڭ ـ سەۋىيە بىر پۈتۈن تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بىكار قويماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، جەمئىيەت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. چۈنكى ئىختىساسلىق كىشى قەيەردە بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىكار قالغانلىقى يامانلىقتىن باشقىنى دېرەك بەرمەيدۇ.

www.munber.org

# ئىسلام تەربىيىسىنىڭ سىياسىيغا بولغان تەربىيە تەرپى

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن تەربىيىنىڭ بىرسى سىياسىي تەربىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە «سىياسىي تەربىيە» دەپ تىلغا ئېلىنغان سۆز ئارقىلىق: ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا، دۆلەت ئىنتىزامىغا، ھۆكۈمەت بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە، تۇرۇشلۇق دۆلەت بىلەن ئىسلام دۆلەتلىرى ياكى غەيرىي ئىسلام دۆلەتلىرى بولسۇن باشقا چەتئەل دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىگە ۋە جاھانگىر - تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرگە قوللىنىلىدىغان قانۇن تۈزۈملەرگە، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئالاقىدار بولغان تەرەپلەرنى مەقسەت قىلىمىز.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تەربىيە تەرپى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئومۇمىي دەۋىتى ۋە مەكتىپى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن ئىسلامىي جامائەتچىلىكنىڭ، توغرىراق ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا - دىنىي جامائەتچىلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىدىن بەكمۇ يىراقتا ۋە سىياسىيغا قىزىقمايدىغان ئۇنى تەپەككۇر قىلمايدىغان بىر دىن ھالىتىدە كۆرۈنەتتى.

دېمەككى، ئاق بىلەن قارا قانچە بىر - بىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشىماس، بىرلەشمەس بولغىنىدەك «سىياسىي» دېگەن سۆز بىلەن «دىن» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى قارىمۇ - قارشى بولۇپ، سىياسەت بىلەن دىنىنىڭ بىرەر شەخسدە ياكى بىرەر گورۇھتا بىرگە ئېلىپ

www.munber.org

مېخلىشى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلىنمايتتى. كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: دىنىي ئادەم ياكى سىياسىي ئادەم. شۇنىڭدەك جامائەتمۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، دىنىي جامائەت ياكى سىياسىي جامائەت بولىدۇ. دىن ئادەملەرنىڭ سىياسىي بىلەن ئارىلىششى، سىياسىي ئادەملەرنىڭ دىن بىلەن ئارىلىششى ھارام، شۇنىڭدەك، دىنىي جامائەتلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ياكى سىياسىي جامائەتلەرنىڭ دىنىي ئىشلارغا ئارىلىششى ھارام دەپ قارىلاتتى.

بەزى ئەھۋاللاردا سىياسىي ئادەمنىڭ ياكى سىياسىي جامائەتنىڭ دىن مەسلىسىگە ئارىلىششى كەچۈرلۈك قىلىنىپ كەچۈرۈم قىلىنسىمۇ، لېكىن دىنىي ئادەمنىڭ ياكى دىنىي جامائەتنىڭ سىياسىي مەسىلىلەرگە ئارىلىششى شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان، كەچۈرلىكمۇ قىلىنمايدىغان بىر گۇناھ ئىش ھېسابلىناتتى.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، باشقا جايلارغا ئوخشاش مىسىردىمۇ ۋە رۇسىيە ۋە ئاساسىي تۈزۈملەرگە «بىزنىڭ سىياسەت بىلەن پەقەتلا ئالاقىمىز يوق» دېگەن خەتلەر ئوچۇق يېزىلغان، ئوخشاشمىغان جەمئىيەتلەر، سۈپەتلىرى تەرىقەتلىرى قاتارلىق دىنىي تۈس ئالغان جامائەتلەر مەيدانغا كەلدى.

يۇقارقى سىياسىيغا ئارىلاشمايدىغان دىنىي جامائەتلەرگە دىنغا پەقەت ئالاقىسى يوق باشقا جامائەتلەر قارشى چىقتى ۋە قارشى چىقماقتا. مانا كېيىنكى دىنغا ئالاقىسى يوق جەمئىيەتلەر بولسا ئۆزلىرىگە: «ۋەتەنپەرۋەرلەر پارتىيىسى»، «خەلق پارتىيىسى»،

www.munber.org

«ۋەكىللەر پارتىيىسى»، «قانۇن پارتىيىسى» قاتارلىق ناملارنى قويۇۋالغان بولۇپ بۇ پارتىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى تەبىئىتىدە «ئەلمانىي» پارتىيىسى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ قالىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ پىكىر ـ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت يوللىرى دىنىنى دۆلەتتىن، دۆلەتنى دىندىن ئايرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان.

بۇ پارتىيەلەرنىڭ ھەممىسى، مىسىردىكى پىرئەۋنىيلەر، سۈرىيەدىكى «پەينىقىيلەر»، ئىراقتىكى ئاشۇراچىلار... غا ئوخشاش قەدىمقى جاھىلىيەت تالاش ـ تارتىشلىرىنى تىرىلدۈرۈپ قوزغاپ چىقىدىغان تار رامكا ئىچىدىكى ئىقلىمىي ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىشىنىپ شۇنى مەركەز قىلغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تالاش ـ تارتىشلىرىغا ئىشەنمىگەن ھەم شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلمىغانلارمۇ، تۈركىيەدىكى «تۇرانىي» مىللەتچىلىكى، ئەرەب شەھەرلىرىدىكى ۋە چوڭ سۈرىيەدىكى سۈرىيە مىللەتچىلىكىگە ئوخشاش مىللىي تالاش ـ تارتىش قوزغايدىغان مىللىي ھەرىكەتكە ئىشىنىپ شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

دىن بىلەن سىياسەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىززىق ئوت مەيدانىغا شۇڭغۇش ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھىمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ۋەزىپىسى بوپقالدى. يۇقاردا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن خاتا چۈشەنچىلەر بولسا، جاھالەتنىڭ ئۆز بىشىمچىلىق ھەرىكىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان «مەدىنىي» مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى «سەئىي» ۋە «پەرۋىش» قىلىپ مۇستەھكەم بىكىتىشكە ھەمدەم بولغان، نەتىجىدە يىلتىز تارتىپ بەكمۇ

www.munber.org

كۆكلەپ كەتكەن ئىدى.

بۇنداق خاتا پىكىرلەرگە قارشى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى. . . ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامنىڭ ئەتراپلىق توغرا پىكىرلىرى ئارقىلىق قاتتىق جەڭ قىلىش لازىم. سىياسىي مەسىلە بولسا ئىسلامنىڭ ئەتراپلىقلىقىدىن بىرسىدۇر.

شۇنىڭدەك، سىياسىي مەسىلىنىڭ ئىسلام ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە قۇرئان، ھەدىس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى، ساھابى كىراملارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە مۇشۇ ئۇممەتنىڭ 13 ئەسىردىن ئۇشۇق تارىخىي دەۋرە ئىلىپ بارغان ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئوچۇق ھالدا پاكىت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ ھەقتە ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ، تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ كۆپۈنچىسىگە ياد بوپقالاي دەپ قالغان سۆزلىرى بولۇپ ئۇ سۆزلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ رىسالىلىرىنىڭ بىرىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «ھەرقانداق ئادەم سىلەردىن: سىلەر كىشىلەرنى نېمىگە چاقىرىسىلەر؟» دەپ سورىسا، سىلەر جاۋابەن: «بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن بىردىن ـ بىر ھەق ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن ـ ئىسلام دىنىغا چاقىرىمىز، ھۆكۈمەت ئىسلامنىڭ بىر قىسمى، ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك ئىسلامنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بىرى» دەپ جاۋاب بىرىڭلار.

ئەگەر ئۇ سىلەرگە: بۇنداق ھۆكۈمەت، ئەركىنلىك دىگەنلەر سىياسەتنىڭ ئۆزىغۇ؟ بۇنداق دىن ئارىلىشامدۇ؟ دەپ سوئال قويسا،

www.munber.org

سىلەر ئۇنىڭغا: «ئەنە شۇ ئىسلامنىڭ دەل ئۆزى، بىز ئۇنداق ھەرخىل گەپلەرنى تونۇمايمىز، پەقەت ئىسلامنىڭ سىياسىي ۋە ئۇنىدىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىلا بىلىمىز دەپ جاۋاب بېرىڭلار.»

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ مەكتىۋى پىرىنسىپىدا سىياسىي تەربىيە ئومۇمەن بىر نەچچە ھالقىلىق ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

### 1. ھالقىلىق ئاساس

ئىسلام ئەقىدىسىدىكى كىشىلەر ئورۇنلاشقان زېمىننى ھەرقانداق ئەجنەبىي كۈچتىن ئازاد قىلىشنىڭ ۋە جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارنى ئىسلام يۇرتلىرىدىن قانۇنلۇق ۋاستىلارنىڭ ھەممىنى قوللىنىپ قوغلاپ چىقىرىشنىڭ قەتئىي ۋاجىپلىقىنى سىزەلەيدىغان ئاڭ سىزىمىنى كۈچلەندۈرۈش.

قۇتقۇزۇش ۋاجىپ بولغان زېمىننى دەسلەپ نىل ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبى ـ مىسىر، سۇداندىن ئىبارەت كىچىك ۋەتەندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوكياندىن تارتىپ پارس قولتۇقىغىچە بولغان چوڭ ۋەتەن ـ ئەرەب ۋەتىنى، مەن ئەرەب ۋەتىنىنىڭ مۇشۇنداق چېگرا بەلگىلىمىسىنى ھەسەنۇل بەننادىن ئەڭ دەسلەپ ئاڭلىغانلىقىمغا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن، ئۇنىدىن كېيىن ئوكياندىن ـ ئوكيانغىچە يەنى: تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغىچە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقتە ھىندونېزىيە ۋە ئۇنىڭ قوشنا ئەللىرىدىن تارتىپ غەربتە ماراكەشكىچە بولغان بۈيۈك ئىسلام ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش لازىم.

مۇشۇنداق چۈشەنچە بولغاندا «مۇسۇلمان بۇرادەر»نىڭ

www.munber.org

چۈشەنچىسى كېڭىيىپ، نەزەر دائىرىسى ئەتراپلىق ھالدا چوڭىيىپ، ئۇ بوگۈنكى كۈندە خوجايىنلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان سىياسىي پارتىيەلەردەك، تار ۋەتەنپەرۋەرلىك چوققىسىغا ياكى تەرەپبازلىق كۈرىشىدىلا توختاپ قالماستىن، ئەرەب خەلقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ـ شەرق ۋە غەربتىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىمۇ چۈشىنىدىغان، شۇلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ئەڭ ئاخىرقى نىشانى «مىللەت» ياكى «ۋەتەن» بولماستىن، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ئەركىنلىكىنى ئاساسلىق مەقسىدى قىلغان ھەقىقىي «مۇسۇلمان بورادەر»گە ئايلىنىدۇ.

شۇ سەۋەبدىن مىسىردا قورۇلغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەر مەسىلىسىگە، مىسىر، سۇداندىن ئىنگلىزلارنى قوغلاپ چىقىرىشتا ئەكس ئەتكەن ۋەتەن تەلەپلىرىگە ھەمدە نىل دەريا ۋادىسىنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەمدە، مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار مىسىردىكى ھەرقايسى ئورگان ۋە كېڭەش ئۇرۇنلىرى ھەمدە، چوڭ شەھەرلەردە خەلق ئوغلانلىرىغا خەلقنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىتىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە چوڭ كېڭەشلەرنى چاقىردى. مەن خەلقنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە پەقەت ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىنلا ئاڭلاپ چۈشەنلەيمەن دېيىشكە ھەقلىقمەن. ھەسەنۇل بەننا بۇ تەلەپلەرنى «تەنتا» كېڭىشىدە تۇرغان ۋاقتىدا شەرھىيلەپ ئۇنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرىگىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

www.munber.org

ئەمما شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئاشۇ كېڭەشلەردە ئۆز نىشانلىرىنى روشەن دەلىللەپ ئۇچۇق كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە شۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستىلارنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ كىشىنىڭ دىمەكچى بولغان ۋاستىلىرى: دۆلەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا جاھانگىرلارنىڭ تومۇرلىرىنى بوشىتىش ئۇچۇن ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى سانائەت ماللىرىنى كىرگۈزمەسلىك ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇنىڭغا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكرىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەڭ بولمىغاندا قاتتىق جاپا كەلسىمۇ چىداپ ۋە مۇقەددەس جىھادنى ئېلان قىلىپ بولسىمۇ يۇقارقىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. جاپادىن قورقماي جىھادنى ئېلان قىلىشىمىزدىن مەقسەت ـ غەلىبىگە ئېرىشىپ بەختلىك ياشىغايمىز ياكى ئۆلۈپ كەتسەك ئولۇغ شەھىدلەر قاتارىدا ئورۇن ئالغايمىز!

مەن ھەمىشە يولباشچى شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ كېڭەشتە: جاھانگىرلار بىلەن ھەر تەرەپلىمە، ئۇزۇل ـ كېسىل مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قۇرالى، بۇنداق قىلىشنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە مىسىر خەلقىنىڭ ئاشۇ «مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش» قۇرالىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان قۇدرىتى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ، شۇ ھەقتە ئېيتقانلىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئىسلام خەلقلىرىنىڭ بەزىسىدە يۈز بەرگەن يېقىنقى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ بەزىسىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ: «راستىنى ئېيتقاندا، بىزلەر جىددى پەيتلەردە ئازغا قانائەت قىلىپ، ئاددى تۇرمۇشقا رازى

بولۇشتەك ئۇلۇغۋار خىسلەتكە ئىگە، قانائەتچان، سەۋرچان خەلقدۇرمىز.» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىمەكتىمەن.

ئۇ، ئۇستاز شۇ كۈندە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّمَا ٱلْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ

﴿مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر﴾ (سۈرە تەۋبە 28 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن «ئىمام ئىبنى ھەزىم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، دىنىمىز دۈشمەنىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي نىجىس. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەس» دېگەنلەردىن ئىبارەت بۇ چاغقا قەدەر كىتابلار ئىچىدە باستۇرۇلۇپ مەخپى قىلىپ قالغان پەتىۋالىرىنى خەلققە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىقىرىپ بېرىمىز.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرگە ئالاھىدە، نىل ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئومۇمەن قىلىپ ھەر نامازنىڭ بولۇپمۇ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن سەجدە قىلىش ئالدىدا «ھادىسىلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئانى» ئوقۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئاللاھدىن ئۆزلىرىگە يەتكەن خاپىلىق، غەم ئەندىشىنى ئېچىۋېتىشنى تىلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش تەلىۋىنى قويىدى. ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ نامازلىرىدا تاجاۋۇزچى مۇشرىكلارغا قارشى ئاجىز،

www.munber.org

كۆچسىز مۇسۇلمانلارغا غەلىبە تىلەپ ئۇلارنىڭ خاپىلىقلىرىنى يوقۇتۇشنى تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئاللاھ قۇرئاندا:

وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ

﴿غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ﴾ (سۈرە مۇنافىقۇن 8 ـ ئايەت)،

وَلَن يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا

﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾ (سۈرە نىسا 141 ـ ئايەت) دەپ تۇرغان يەردە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقنى يوقاتقاندىن، مۇسۇلمان تۇرۇپ كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىپ قالغانلىقتىن ئارتۇق قانداق خاپىلىق بولسۇن؟ شۇڭا دۇئا قىلىشقا بەكمۇ مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇستاز شۇنداق ئىلتىجا ھالەتلىرىدە دۇئا قىلىش ئۈچۈن دۇئا ئىبارىلىرىنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلاتتى، مەنمۇ ئۇ دۇئالارنى نامازدا بەكمۇ تولا ئوقۇغانلىقىمدىن 30 يىل ئۆتكىنىگە قارىماي ھەمىشە ئىسىمدە ساقلاۋاتىمەن. «اللهم رب العالمين، و أمان الخائفين، و مذل المتكبرين، و قاصم الجبارين، تقبل دعاءنا، وأجب نداءنا، اللهم انك تعلم أن هؤلاء الغاصبين من الانجليز قداحتلوا أرضنا، و غصبوا حقنا، و طغوا في البلاد، فأكثروا فيها الفساد. اللهم فرد عنا كيدهم، و فك حدهم، و أذل دولتهم، و أذهب عن أرضك سلطانهم، و خذهم و من وادهم أو عاونهم أونا صرهم أخذ عزيز مقتدر. اللهم ولا تدع لهم سبيلا على أحد من عبادك المؤمنين».

www.munber.org

«ئى پۈتۈن دۇنيانى ياراتقۇچى، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالغۇچى، قورققانلارغا ئامانلىق بەرگۈچى، مۇتەكەببىرلەرنى خار قىلغۇچى، زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغۇچى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار! دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىل! تىلەكلىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن! ئى پەرۋەردىگار! شەكسىزكى، سەن ئاشۇ ئىنگلىزلاردىن ئىبارەت تاجاۋۇزچىلارنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى، شەھەرلىرىمىزدە ھەددىدىن ئېشىپ زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە يۇرتلىرىمىزدا بۇزۇقچىلىقنى بەكمۇ تولا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىۋاتىسەن، ئى پەرۋەردىگار! ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىزدىن يىراق قىل! ھەم قايتۇرغىن! ئۇلارنىڭ چىگرىلىرىنى بىزدىن ئايرىۋەت! ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى خار قىلىۋەت! سېنىڭ زېمىنىڭدىن ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى كەتكۈزىۋەت! ئۇلارنى، ئۇلار بىلەن دوست بولغان ياكى ئۇلارغا ياردەمدە بولغان يۈندىخورلارنى، غالىب ھەممىگە قادىرلىق سۈپىتىڭدە ئازابلىق تۇتۇشتا تۇتقىن! ئى پەرۋەردىگار! ئۇلارغا، سېنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگىمۇ قارشى تۇرۇشقا يول قويمىغىن!!!».

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرگە بولغان تەربىيە شۇنداق ئەتراپلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك ۋەتەن مەسىلىسى تەشكىلاتتىكى ھەربىر بۇرادەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئەتراپىغا ياكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مۇنداقلا ئۆپچۆرىسىگىلا توختىلىپ قالماستىن، بەلكى بۇ مەسىلە ئۇنىڭ چوڭقۇر سىزىم ـ تۇيغۇ ئەزالىرىغىچە ئورۇنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ مەسىلە ئۆيىدىمۇ، مەسجىددىمۇ، يالغۇز چاغدىمۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ھەمراھ بولۇپ ئايرىلماس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا روشەن، تىرىك، ئوتلۇق ھالدا

www.munber.org

يالقۇنلاپ تۇراتتى.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىزلار ھېچقانداق نەرسىدىن، ئۆز دىنلىرىغا بەك يېپىشىدىغان ئاشۇ «تەرەپكەش» بۇرادەرلىرىدىن قورققاندەك قورقمايتتى. شۇنىڭدەك، ئۇ ئىنگلىزلار «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ۋە «ئىسلامىي سىزىم»نىڭ يالقۇنلۇق «ئىسلامىي سىزىم»گە ئايلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. بۇنداق سىزىمگە ئىگە بولغان مۇسۇلمان شۇ سىزىم، شۇ روھ يولىدا ھېچ نەرسىگە قارىماي، ئۆزى ئۆلۈمگە ياكى ئۆلۈم ئۇنىڭغا چۈشىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل ھالەتكە كىلىپ قالاتتى.

ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ شۇنداق ئەقىدە مەيدانلىرى «ئىلمانىيە» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئالاھىدە تەييارلانغان كېڭەشلەرگە دۇچ كىلىشى شەكسىز بىر ئىش ئىدى. تەشكىلاتلارنىڭ توغرىراقى ئىسلامىي ھەرىكەت ۋە ئۇنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقا ئۇچراپ تۇرىشى، ئۇلارغا قارشى ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ قۇرۇلۇپ تۇرۇشى قاتارلىقلارنى دەلىل پاكىتلىق ھالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە كونسۇللىرىنىڭ **1948** ـ يىلى «قانال» بەلۋىغىدىكى «فايىد» دىگەن ئەسكىرى رايۇنىدا يىغىلىپ مىسىردىكى ـ «سەئدى» پارتىيىسىنىڭ رەئىسى نەقراشى پاشا ھۆكۈمىتىدىن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئەھۋاللار يۈز بەرگەنلىكى دەلىللەپ بىرىدۇ.

www.munber.org

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەھۋاللار بولسا، تەشكىلاتلارنىڭ كىچىك ۋەتىنى ـ نىل ۋادىسىغا ئالاقىدار بولغان تەربىيىسىنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى ئەرەب ۋەتىنى ۋە چوڭ ۋەتەن ـ ئىسلامىي ۋەتەن مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن يۈز ئۆرۈتتۈرمەيدۇ.

بىز دەپ ئۆتكەن ۋەتەن مەسىلىسىنىڭ بىرىنچىسى بولسا، پەيغەمبەرلىك زېمىنى، پەيغەمبەرلىك بۆشۈكى، ئىككى قىبلىنىڭ بىرسى، ئۇلۇغ ئۈچ مەسجىدنىڭ ئۈچىنچىسى بار زېمىن ـ پەلەستىن زېمىنى مەسىلىسى ئىدىكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتى ئۇنىڭغا دەسلەپكى ۋاقىتتا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭ شەنىنى ئالقىشلاپ، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىگە سىگنال بەرگەن، ھەمدە ئاشۇ ۋەتەن مەسىلىسى جەھەتتىن باياناتـ نەشرىياتلارنى، ژورناللاردىن ئايرىم سانلارنى چىقىرىپ شۇ مەسىلىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يىغىن ۋە كېڭەشلەرنى ئاچقان ئىدى.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەشكىلاتنىكى بورادەرلەر ئەجنەبىيلەرنىڭ ماشىنىلىرىنى كىرەكتىن چىقىرىش، نامايىشلارغا ئاسانلىق يارىتىش، ئامىمىنىڭ پىكرىنى ئاكلىلاشتۇرۇش ۋە ۋەتەن مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەزمىسىنى ئويغىتىش. . . ئۈچۈن ھەر يىلى 2 ـ نويابىردا ئۆتكۈزۈلىدىغان «بولپۇر ۋەدىسى»نى خاتىرىلەش پۈرسىتىنى قولدىن بەرمەي غەنىيمەت بىلىپ ئۆتكۈزەتتى. تەشكىلاتتىكى بورادەرلەرنىڭ 30 ـ يىللاردىكى قەدىمىي ژورناللىرىنى ئوقۇغانلار ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ ئىشلارنى ئۈچرىتاتتى.

www.munber.org

پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى مىسىردىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلىپ يەتمىگەن ۋە ئۆزلىرىگە قوشنا بولۇشقا ئالدىراپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ چەكسىز خەتىرىنى سەزمىگەن، ھەتتاكى مىسىرنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسىدىن پەلەستىن مەسىلىسىدىن سوئال سورالغاندا: مەن مىسىر مىنىستىرلار رەئىسىمەن. پەلەستىن مىنىستىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەمەسمەن! دەپ جاۋاب بېرىۋاتقان بىر ۋاقىتتا تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىگە بولغان كۆز قارىشى ئىنتايىن روشەن ھەم ئېنىق بولۇپ، ئۇلار بۇ مەسىلىنى تېز ھەم ئەتراپلىق ھالدا جانلىق ھېس قىلغان ئىدى.

ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسى ھەققىدە قىلغان تەشۋىقلىرى، لېكسىيەلىرى ۋە ئۇ كىشىنىڭ بۇرادەرلەر ژورناللىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك گېزىتىگە بېسىلغان «ئۆلۈم ھۈنىرى»، «ئۆلۈم پەنلىرى»، «جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى بۇ ياققا چىق» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئوتلۇق ماقالىلىرى چوقۇم كىلىدىغان جەڭ كۈنىگە كىشىلەرنىڭ روھلىرىنى تەييارلايتتى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەشۇ جىھاد قىلىش كۈنى يېتىپ كېلىپ «جىھادقا كېلىڭلار» دەپ نىدا قىلغۇچىلار نىدا قىلغان ۋاقىتتا ئەنە شۇ تەربىيە ۋە كىشىلەرنى ئاگاھلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسەتتى. ھەمدە شۇ تەربىيە ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى، مۇقەددەس زېمىن پەلەستىننى قۇتقۇزۇش يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەشكىلاتتىكى مىڭلارچە ياش بۇرادەرلەرنىڭ، بەزىدە تېخى قېرى كىشىلەرنىڭمۇ پىداكارلارنى تىزىملاش ئورۇنلىرىغا ئالدىنئالا ئالدىراپ كەلگەنلىكىدە ئۇچۇق ھالدا

www.munber.org

كۆرۈنۈپ تۇردۇ. جىھاد، قەھرىمانلىق ۋە ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ئورنى بوپقالغان ئەشۇ جەڭ مەيدانلىرىدا سىرتتا تۇرۇپ قارىغانلاردىن بەكرەك يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ئويدان بىلىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللار يۈز بەردى. (يەھۇدىيلار ئويلىمىغان يەردىن كۆپ زەربە يەپ كەتتى.)

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر شەرقى ئەرەبتىكى لۇبنان، سۇرىيە مەسىلىلىرىنى . . . ۋە شىمالىي ئافرىقا مەسىلىلىرىنى ياكى ئەرەب زېمىنىنىڭ غەربىدىكى تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەش مەسىلىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ باش مەركىزى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن شەھىدلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ۋە شۇ شەھەرلەردىكى ئازادلىق ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلغۇاتقانلارنىڭ «يىغىلىش ئورنى» سۈپىتىدە بولغانىدى.

ئىندونېزىيەگە ئوخشاش باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىكى ئازادلىق مەسىلىلىرىگە بولغان بۇرادەرلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە شۇ ئىشلارغا ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى قاتارلىقلارنى سىلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇرادەرلەرنىڭ بۇ مەسىلەرگە قارىتا قىلغان ھەرىكەتلىرى باشقىلاردا بەكلا ئاز تېپىلىدۇ. كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر باشقا جايلاردىكى مەسىلىلەرنى بەئەينى ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسى ھېسابلايدۇ. ھەمدە شۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بەدەنلىرى راھەتتىن ئايرىلسىمۇ، يۇرتلىرىدىن يىراققا كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تۇيغۇلىرى شۇ جايلاردا ياشايتتى.

### 2 ـ ھالقىلىق ئاساس

www.munber.org

خەلقنىڭ ئاق ـ سېرىمىنى ـ «ئىسلام ھۆكمى» نى كۈچكە ئىگە قىلىش پەرز، بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە، پەرز ـ زۆرۈر بولغاندىمۇ قانۇنلۇق پەرز مىللىي ۋە ئىنسانىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىگە ئۈيغىتىشتۇر.

ئىسلام ھۆكمىنى كۈچكە ئىگە قىلىشنىڭ دىنىي جەھەتتىن پەرز ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئاللاھ تائالا ھۆكۈم قىلغۇچىلار ۋە ھۆكۈم قىلدۇرغۇچىلارنى ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، ھەمدە ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئاللاھقا ئىشەنگەن مۆئمىنلەرنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئىمان تەقەززاسى ئىكەنلىكى، ئىمانلىق كىشى شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچىلا ئىش قىلىپ ئىماننىڭ تەلىپىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىش ئىشىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ئىختىيار بەرمىدى.

بىز يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلىگە تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى كەلتۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ ھۆكۈم قىلغۇچىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَـٰفِرُونَ

﴿كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلادۇر﴾ (سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت)

وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ

www.munber.org

﴿ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾ (سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَـٰسِقُونَ

﴿ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾ (سۈرە مائىدە 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ھۆكۈم قىلغۇچىلار مەسىلىسى ھەققىدە دېگەن سۆزىمىزنى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى دەلىللەپ بېرىدۇ:

فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ

ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا

﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾ (سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت)

ھەممىگە كۆپايە قىلىدىغان دەرىجىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ۗ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَـٰلًا مُّبِينًا

﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾ (سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت)

إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا۟ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ

﴿(پەيغەمبەر) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾ (سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت)

ئەمدى ئىسلام ھۆكمىنى كۈچكە ئىگە قىلىشنىڭ مىللىي ۋە

www.munber.org

ئىنساني زۆرۆرىيەت ئىكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بىزنىڭ مىللىتىمىز (يەنى ئىسلام مىللىتى) ئومۇمەن ئېيتقاندا، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىنسانلار تۈزگەن پەلسەپىلەر ۋە شۇلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇن ـ ئىنتىزاملارنى ئىجرا قىلىپ تەجرىبە قىلىپ باقتى. نەتىجىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىلەردىن كېيىن ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان بەخت ـ سائادەتكە ۋە تەلەپ قىلىپ كىلىۋاتقان خاتىرجەم، پاراۋان، ياخشى هاياتقا ئېرىشەلمىدى، بەلكى تېخى ئىنسانىيەت هەممىسى ئارزۇ قىلىدىغان، قىزىقىدىغان ۋە توختىماي سەئيي قىلىدىغان هەممە گۈزەل خىسلەتلەرنى يۇقاتتى. دىمەككى، شۇنداق توختاۋسىز قائىدە ـ قانۇنلار تۈپەيلىدىن هەر بىر شەخس كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى، هەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى، جەمئىيەت ئۆز مۇقىملىقىنى ۋە ئۆلچەم تەكچۈۋلىقىنى هەمدە پۈتۈن دۇنيا ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ـ تىنچلىقىنى يۇقاتتى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، هازىرقى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان مۇقەررەرسىزلىكنى يۇقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاشتا تېخىمۇ يېڭى كېسەللەرنى تارتىپ ئەكىلىدىغان يەنە شۇ توختاۋسىز «نەرسىلەر» نى ئىشلەتمەستىن بەلكى ئۇ كېسەللەرنى تۈپتىن يۇقىتىدىغان يېڭى، باشقا بىر دورا بىلەن ئۇلارنى داۋالىماي بولمايدۇ.

شىپالىق تەلەپ قىلساڭ، كېسىلىڭگە سەن ئىللەت بىلەن،

تۈگەيدۇ جىسمىڭ ئاخىرى، قىلغان داۋا ئىللەت بىلەن.

بىز دەپ ئۆتكەن يېڭىچە دورا ـ يەنى: پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ

www.munber.org

مەنىۋى جەھەتتىكى ۋە ماددىي جەھەتتىكى سىقىلىش ۋە بىئاراملىق. . . قاتارلىق ئىللەتلىرىنى ساقايتقۇچى بىردىنبىر دورا پەقەت ئىسلام دىنىدۇر. بۇ شۇنداق دىنكى، ئاللاھ بۇ دىندا دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ئوتتۇرىسىنى، جىسىم تەلەپ قىلىدىغان راھەتلەر بىلەن روھ تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر ئارىسىنى، نەپسىنىڭ نىسىۋىسى بىلەن ئاللاھنىڭ ھەققىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بەردى. مانا بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان ئادالىتى ۋە ياراتقۇچى بولغان زاتنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن قىلغان ئىلتىپاتىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

أَلَا يَعۡلَمُ مَنۡ خَلَقَ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ

﴿(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ (سۈرە مۈلك 14 ـ ئايەت)

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۆزىنىڭ رىسالە ۋە ئاممىۋىي لېكسىيەلىرىنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىقى ئاساسىي مەقسەتكە بىنائەن دىننى ـ ھۆكۈم قىلىش، قانۇن تۈزۈش، ئىلىم ـ مائارىپ، ئوقۇتۇش قاتارلىق تەرەپلەردە دۆلەتتىن ئايرىشقا چاقىرىدىغان «ئىلمانىيە» گۇرۇھىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرىۋالغان نىجىس، ھىيلە ـ مىكىرىگە توشقان پىكىرىگە قارشى جەڭ قىلغان ھالدا قۇرئان ھۆكمىنىڭ ئىجراسىنى تەلەپ قىلىشنى، ئىسلام دۆلىتى تۇرغۇزۇشنى كۈچلۈك ھالدا تەكىتلەيتتى.

www.munber.org

راستىنلا دىن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتسىزلىكى خىرىستىئانلارنىڭ تونۇشىدا ئۇلارنىڭ كىتابى ئىنجىل: «قەيسەرنىڭ ئىشىنى قەيسەرگە قوي! ئاللاھنىڭ ئىشىنى ئاللاھقا قوي» دېگەندەك ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاللاھنىڭ ئىشى ئەمەس دەپ تونۇشى توغرا بولسىمۇ، بۇنداق كۆز ـ قاراش ئىسلام دىنىنىڭ تونۇشىدا توغرا ئەمەسكى، بۇ دىن ئىنسانىنى بۆلۈشنى ھېچقانداق ھالەتتە قوبۇل قىلمايدىغان بەلكى، قەيسەر ۋە قەيسەرنىڭ نەرسىسىنى[1]، پۈتكۈل ھاياتىنى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يالغۇزلا غالىب ئاللاھنىڭ دەپ ھېسابلايدىغان ئۇلۇغ دىندۇر.

ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «ياشلارغا» دېگەن رىسالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز مۇنداق بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمەتنى ئىرادە قىلىمىزكى، ئۇ خەلقنى مەسجىدكە يېتەكلەيدۇ. ئىلگىرىكى دەۋردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرى، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلىرىنىڭ قولى بىلەن كىشىلەرنى ئىسلام يولىغا تەكلىپ قىلغاندەك، بۇندىن كېيىنمۇ كىشىلەرنى مەسجىد ئارقىلىق ئىسلام يولىغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، ئىسلام ئاساسىغا مەركەزلەشمىگەن، ئىسلامدىن ھاسىل قىلىنمىغان ھەرقانداق قانۇن، ھەرقانداق تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلمايمىز. ھەمدە ئۇنداق قانۇن تۈزۈمنى ئاساس قىلغان سىياسىي پارتىيەلەرنى ۋە تەقلىدىي شەكىللەرنىمۇ ئېتىراپ قىلمايمىزكى، بىز شۇ نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىپ كىتىپ بارغىنىمىز ئۈچۈن،

[1] ھۆكۈمەت ئەربابى ۋە ھاكىمىيەتنى دېمەكچى ـ ت

www.munber.org

بىزنى بۇ قىلىقىمىز كاپىرلارغا ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىگە خار قىلىپ بەردى. چوقۇمكى، بىز نۆۋەتتە ئىسلام ھۆكمىنىڭ تۈزۈملىرىنى بارلىق تەرەپلىرى بىلەن تىرگۈزۈشكە ۋە شۇنداق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت باشلايمىز.»

ئۇ كىشى يەنە «5 ـ قېتىملىق كېڭەش رىسالىسى»دە مۇشۇ نوقتىغا روشەن بايانلارنى زىيادە قىلىپ يىغىن ئەھلىگە سۇنىدۇ. ھەمدە كىشىلەرنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىنىڭ ھاكىمىيەتكە بولغان مەيدانى توغرىسىدا سورىغان سۇئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: «يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ پىروگراممىسىدا ھۆكۈمەت قۇرۇش بولامدۇ؟ ۋە ئۇلارنىڭ پىرىنسىپىدا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تەلەپ قىلىش بارمۇ؟ ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇلارغا يېتىشتىكى ۋاستىسى نېمە؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىدۇ، مەن بۇ سۇئال سورىغۇچىلارغا ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرماستىن، جاۋاب بېرىشتە بېخىللىق قىلماستىن جاۋاب بېرىمەن: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ئۆز يوللىرىدا ۋە ئارزۇ، ئەمەل ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ـ ئۆزلىرى چۈشەنگەندەك ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق چۈشەنچىسىنى سۆزلىرىنىڭ دەسلىۋىدە بايان قىلغاندەك، ئىسلام يولى بىلەن قەدەم بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ئىشەنگەن بۇ «ئىسلام» ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس قىلىدۇ. باشقىلارغا يول كۆرسىتىپ ئۇلارنى يېتەكلەشكە ئىشەنگەندەكلا، شۇ ئاساسنى ئىجرا قىلىشقا شۇنداق ئىشەنچ قىلىدۇ.

ئىلگىرى 3 ـ خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ قۇرئان

www.munber.org

بىلەن ساقلاپ قالمايدىغان نەرسىنى سەلتەنەت ـ ھاكىمىيەت بىلەن ساقلاپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاكىمىيەت ئىشىنى ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تۈتقىلىرىدىن بىر تۇتقا قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. بۇ مەسىلە بىزنىڭ «فقهى» (دىنى) كىتابلىرىمىزدا ئىجتىمائىي دىنىي مەسىلە ياكى قوشۇمچە مەسىلىلەر دەپ ھېسابلىماستىن، بەلكى ئېتىقاد ۋە ئىسلامنىڭ تۈپ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئىسلام بولسا، قانۇنلاشتۇرۇش، تەلىم بولغاندەك، قانۇن ۋە ھۆكۈم قىلىش بولغاندەك، ھاكىمىيەت ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىر ئىسلام ئىسلاھاتچىسى بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىم، يولباشچى ئىكەنلىكىگە، ھۆكۈملەرنى قارارنامىلەشتۈرۈپ، تەلىملەرنى ئەستايىدىل بېكىتىپ چىقىدىغانلىقىغا، دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرى ۋە قوشۇمچە مەسىلىلەرنى كىشىلەرگە ھارماي ـ تالماي چۈشەندۈرىدىغان بىر دىنىي ئالىم بولغىنىغا رازى بولۇپلا يۇقارقى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئىجرا قىلىشنى ئاللاھ رازى بولمايدىغان، ئاللاھ بۇيرىغاننىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىلەرنى خەلققە قانۇن قىلىپ بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇ قانۇننى بېسىم ئارقىلىق ئىجرا قىلدۇرۇپ، ھەمىشە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇخالىپچىلىق قىلىدىغان ئىجراچى كۈچلەرگە تاشلاپ قويسا، ئۇنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى: شۇ ئىسلاھاتچى ئادىمىزات يوق بىر سايدا تۇۋۇلاپلا يۈرگەندەك، كۆلگە پۈۋلىگەندەك قۇرۇق بىر نەتىجىسىز ئىش بولىدۇ[1].

[1] بىر ئىشنى تەلەپكە ئۇيغۇن ئۇچۇن كۈچ ـ قۇۋۋەت بولۇشى كېرەك. سەلتەنەت ـ ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئۇ ئىشنى ئىجرا قىلغاندىلا ھەقىقىي توغرا مۇكەممەل ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، دېمەكچى بولسا كېرەك ـ ت

www.munber.org

بەزىدە كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە: «ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئويدان قۇلاق سالىدىغان، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (يەنى قۇرئان)نى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ئىجراچى كىشىلەر بولىدىكەن، ئىسلامىي ئىسلاھاتچىلار توغرا يول كۆرسىتىش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش مەرتىۋىسىگە قانائەت قىلسا، ئىجراسىنى يۇقۇرىدىكىلەر قىلسا بولىدۇ» دېگەن قاراشقا كېلىپ قالىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بىز كۆرۈۋاتقان ئەھۋال بولسا باشقىچە بولۇپ، ئىسلامىي قانۇن باشقا بىر جايدا، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان قانۇن يەنە باشقا بىر جايدا ئالاھىدە پەرق بىلەن بىر ـ بىرىگە زادى يېقىنلاشمىغان ھالدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان يەكۈن شۇ بولىدىكى، ئىسلامىي ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىسلام ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدىغان كۈچنى تەلەپ قىلماي شۇك تۇرۇۋېلىشى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە چوڭ جىنايەت بولۇپ، ئۇلار بۇ جىنايەتنى پەقەت توغرا بولغان مۇقەددەس ئىسلام ھۆكۈملىرىگە باش ئەگمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدىن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ۋە ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇش ئارقىلىقلا يۇيالايدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ پرىنسىپىمىزنى ـ يەنى ئىسلام پرىنسىپىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزكى، بىز بۇنى ھەرگىزمۇ ئۆز تەرىپىمىزدىن كەلتۈرگىنىمىز يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن بىز مۇشۇ سۆزلىرىمىز ئارقىلىق ھەقىقەت بولغان دىن ـ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمىنى مۇقەررەر قىلماقچىمىز، خالاس. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە

www.munber.org

قۇرئان ـ ئىسلام پرىنسىپلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئامانىتىنى ئادا قىلىش ۋە ھەممە ئىشنى ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشكە ئىقتىدارلىق ـ قابىلىيەتلىك بىرەر كىشىنى تاپالىسا، شۇ كىشىنىڭ ئەسكەرلىرى، ياردەمچىلىرى ۋە يېنىدىن ئايرىلماس خىزمەتچىلىرى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق كىشىنى تاپالمىسا، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ پروگراممىسى قاتارىدىن بولۇپ قېلىشۇرىدۇ. ھەمدە، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلمايدىغان ھەرقانداق ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىش يولىدا، ئۇلار چوقۇم مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىشلەپ كىتىدۇ.

يۇقاردىكى سۆزىمىزگە بىنائەن كىسىپ ئېيتالايمىزكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرغان، روھلىرى ھەممىگە مەلۇم ھالدا تۇرۇۋاتقان بىر شارائىتتا ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بىر مۇھىم ئىشقا قەدەم سىلىشتا ئەقلىنى ئىشقا سالغان ۋە ئېھتىياتچانلىقنى قوللانغان ھالدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالدا تاراپ، خەلقنىڭ ئېڭىغا خۇجايىنلىق قىلغۇدەك دەرىجىدە قانات يېيىشى ئۈچۈن بىر زامان ئۆتىشى، شۇ زامان ئىچىدە خەلقمۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئەلا كۆرۈشنىڭ قانداق نەتىجىسى بارلىقىنى بىلىشى، بىر زامان تەييارلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بىرىلىشى لازىم.

بۇ يەردە مۇھىم سۆز باركى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»

www.munber.org

تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆزلىرىگە زامانداش بولغان ھۆكۈمەتلەردىن بىرەر ھۆكۈمەتتە، مەيلى ھازىرقى ھۆكۈمەتلەر، مەيلى ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەر ياكى ئۇنىدىن باشقا پارتىيە ھۆكۈمەتلەر بولسۇن، ھېچقايسىسىدا مۇشۇ ئىغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ ۋەزىپىنى ئادا قىلالايدىغان ياكى ئىسلام پىكرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن توغرا ئىقتىدار تەييارلىقنى ھازىرلىغان بىرەرسىنى ئۇچراتمىدى ياكى كۆرمىدى. ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۈۋەن دەرىجىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇشۇ ئەھۋالنى بىلىپ يېتىشى ۋە ھۆكۈمەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشى لازىم. ھەمدە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرمۇ بۇشاشماي كۈنسايىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا توختىماي ئىشلىشى كېرەك.

بۇ يەردە دەپ ئۆتىشىمگە توغرا كەلگەن ئىككىنچى مۇھىم سۆز شۇكى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ دەۋەت قىلىش دەۋرلىرىدىن بىرەدە - بىر دەۋردە بىرەر ھۆكۈمەتكە يانتاياق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشقا ۋاستە - يەنى ھەمنەپەس بولغان ياكى ئۆزلىرىنىڭ نىشانىدىن باشقا نىشانلارنى ئىجرا قىلغان تەرەپلىرى بار، ياكى ئۆز پىرىنسىپىدىن چەتنەپ باشقا پىرىنسىپ بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان دېگەندەك بەزى كىشىلەرنى گۇمانىي كۆز قاراشتەك خاتا، ئۇنىڭدىن بەك چوڭقۇر خاتالىشىش ۋە گۇمان قىلىش بولماس، بۇنداق كۆز قاراش قەتئىي خاتا. شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر بولمىسۇن، مەيلى ئۇلاردىن باشقىلار بولمىسۇن، بۇنداق كۆز قاراشنىڭ تۈپتىن خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويسۇن!».

www.munber.org

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇرادەرلەر ئاچقان «5 ـ كېڭەش» گە يازغان ئەتراپلىق ئومۇمى خور رىسالىسىدە ئەسكىرى كۈچ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىش ياكى پۈتۈن خەلقنى قوزغىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكەت مەيدانىنى ئوچۇق ھالدا بايان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق دەپ سورايدۇ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسىدە ئۆز غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىشقا سېلىش پىكرى بارمۇ؟ مۇسۇلمان بۇرادەرلەر مىسىردىكى سىياسىي تۈزۈم ياكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى ئومۇمىي قوزغىلاڭ ھەرىكىتى تەييارلاش ھەققىدە پىكىر قىلىۋاتامدۇ ـ يوق؟» مەن بۇ سوئال سورىغۇچىلارنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى خالىمايمەن، بەلكى، مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مۇشۇ سوئاللارغا روشەن ـ ئاشكارا ھالدا جاۋاب بېرىشنى ئاساس قىلىپ بۇ ھەقتىكى بەزى ئۇقۇمسىز چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىمەن. خالىغانلار قۇلاق سالسۇن! كۈچ ـ قۇۋۋەت مەسىلىسىگە توختالغاندا، بۇ مەسىلە ئىسلامنىڭ ئىنتىزام قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدىكى شۇئاردۇر. بۇ سۆزىمىزنى قۇرئان كەرىم دەلىللەپ روشەن ھالدا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ:

وَأَعِدُّوا لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ تُرۡهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمۡ

﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن

www.munber.org

كىلىشىچە قۇرال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر﴾ (سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك مۆئمىن كۈچسىز مۆئمىندىن ياخشى.» كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىسلامنىڭ شۇئارى بولغانلىقى ئۈچۈن، قورقۇش ۋە بىچارىلىكنىڭ كۆرۈنۈشى بولغان دۇئادىمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھدىن تەلەپ قىلىنىدىغان تىلەك ھېسابلىنىدۇ. سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلىرىگە ئۆگەتكەن، خۇسۇسەن، ئۆزى دۇئا قىلىپ رەببىگە مۇناجات قىلغان مۇنۇ دۇئاسىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: «اللهم إني اعوذ بك من الهم والحزن، و أعوذبك من العجز والكسل، و أعوذبك من الجبن والبخل، و أعوذ بك من غلبة الدين و قهر الرجال» «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن غەم ـ ئەندىشە، ئىچى پۇشۇقلۇقتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن.ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاق ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سېغىنىپ قەرزنىڭ بېسىمدارلىقىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ قەھرىدىن پاناھ تىلەيمەن.» سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ دۇئالىرىدا ئاللاھقا سېغىنىپ غەم ـ ئەندىشە ۋە ئىچى پۇشۇقلۇق سەۋەبى بىلەن ئىرادىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇق سەۋەبى بىلەن ھەر قانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىشنىڭ ئاجىزلىشىشى، قورقۇنچاق ۋە بېخىللىق سەۋەبى بىلەن مال ـ مۈلۈك، ئىقتىسادنىڭ ئاجىزلىشىشى، قەرز ۋە زوراۋانلىققا ئۇچراش سەۋەبى بىلەن ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق ئاجىزلىق مەنبەلىرىدىن ئاللاھدە، ئايرىم ـ ئايرىم پاناھ تىلىگەنلىكىنى كۆرگەنسىز!

يۇقارقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئەمدى سىز، ھەرقانداق نەرسىدە كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلغان، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆزىنىڭ شۇئارى

www.munber.org

قىلغان مانا مۇشۇ ئىسلام دىنىغا ئەگەشكەن ئىنساندىن قانداق نەرسىنى كۈتىسىز؟ باشقا مۇسۇلمانلاردىن شۇنداق تەلەپ قىلغان يەردە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، كۈچلۈك كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەققىدە توختىماي ئىشلىشى بەكمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە. لېكىن قېرىنداشلار زور مىقداردا كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك دەپلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماستىن، يۈزەكى پىكىر ۋە يۈزەكى ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە ئالدىنىپ كېتىشتىن يىراق بولۇپ، بۇ ھەقتە نەزەر دائىرىسى ئەتراپلىق ۋە پىكرى، قارىشى چوڭقۇردۇر. ئەگەر ئالدىنىپ كەتكەن بولسا ئىدى، پىكرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ تەگ ـ ماھىيىتىگە يېتەلمىگەن، ئۇ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قىلماقچى بولغان ۋە ئۇنىڭدىن مەقسەت قىلىنغان ئىشلارنى، ھەمدە ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى مۆلچەرلىيەلمىگەن بولاتتى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ 1 ـ پەللىسى، دەسلەپكى دەرىجىسى ئىمان ۋە ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچى قىلىپ بىرلىك، ئۇيۇشقاقلىق ۋە مۇناسىۋەتچانلىق قۇۋۋىتى ئىكەنلىكىنى، مانا بۇ بېرىلگەن ئىككىنچى دەرىجىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن كېيىن 3 ـ دەرىجىدە قول ـ قۇرال كۈچى تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

بىردە ـ بىر جامائەت ياكى گورۇھتا يۇقارقى ئۈچ خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت، يەنى: ئېتىقاد، بىرلىك ۋە قۇرال كۈچى بىرگە تېپىلمىغۇچە ئۇنداق گورۇھنى كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك گورۇھ دېيىشكە بولمايدۇ. ھەمدە، ئۇ گورۇھ چېچىلاڭغۇ، ئىنتىزاملىرى رەتسىز ياكى ئېتىقادى ئاجىز،

www.munber.org

ئىمانى سۇس هالدا تۇرۇپ، ماددى كۈچ ـ قۇرال ۋە ئادەم كۈچىنى ئىشقا سالسا، چوقۇمكى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى هالاكەت ۋە يوقۇلۇش بولىدۇ. مانا بۇ بىر خىل كۆز قاراش.

يەنە بىر خىل كۆز قاراش: كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆزىنىڭ شۇئارى قىلغان ئىسلام، شارائىت بىلەن هېسابلاشماي كۈچ قۇۋۋەتنى هەر قانداق شارائىت، هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا ئىشقا سېلىشقا تاپىلامدۇ ـ قانداق؟ ياكى شارائىت بىلەن هېسابلىشىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىشقا سېلىشقا قارىتا بەلگىلىمە تۇختىتىپ شەرتلەرنى بەلگىلەپ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىشقا سېلىشنى بىر خىل هالدا قانۇنلاشتۇرۇپ بەرەمدۇ ـ قانداق؟

ئۈچىنچى بىرخىل كۆز قاراش مۇنداق: هەرقانداق ئىشنىڭ بىرىنچى ئىلاج ـ ئامالى كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ؟ ياكى باشقا ئىلاج ـ ئامال تېپىلمىغاندا كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئىشلىتەلەمدۇ؟ ئىنسان كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلىق نەتىجىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، مۆلچەرلەپ، ئويلاپ بېقىشى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى قورشاپ تۇرىدىغان شارائىتلارنى كېيىنكى ئەهۋال ئاستىدا هەر هالدا چىقىش يولىنى ئويلاپ قويۇپ ئاندىن هەرىكەت قىلىشى لازىممۇ ـ يوق؟ ياكى بۇندىن كېيىن نېمە بولسا بولسۇن دەپ قارامىلارچە كۈچ ئىشلىتىش كېرەكمۇ ـ قانداق؟ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر بۇ كۆز قاراشلارغا ئەمەلىيەتتە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ «كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىش» ئۇسلۇبىغا سېلىپ كۆرىدۇ. قوزغىلاڭ بولسا كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن هەرىكەتنىڭ ئەڭ

www.munber.org

كۆچلىكىدۇر. شۇڭا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ قوزغىلاڭ، بولۇپمۇ مىسىرغا ئوخشاش ۋەتىنىدىكى قوزغىلاڭغا بولغان كۆز قارىشى بەك ئىنچىكە ۋە چوڭقۇردۇر. مىسىر ئۆز نەسۋىسىنى قوزغىلاڭلاردا تەجرىبە قىلدى. مىسىرنىڭ شۇ قوزغىلاڭلاردىن ئالغان نەسۋىسى ھەرقايسى جايلارغا مەلۇملۇق. يۇقاردا بەزى كۆز قاراشلارنى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مۆلچەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدىن كېيىن، ئەمدى ئاشۇ سوئال سورىغۇچىلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتىمەنكى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر كۈچ - قۇۋۋەتتىن باشقىسى پايدا بەرمىگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ۋە بىرلىك تەييارلىقىنى پۇختا، مۇكەممەل قىلىپ بولغىنىغا جەزم قىلىپ بولغان چاغدا ئاندىن كۈچ - قۇۋۋەتنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا سېلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار شۇ كۈچ - قۇۋۋەتنى ئىشقا سالغان ۋاقىتتا چوقۇم شەرەپلىك، ئوچۇق سۆزلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئوزۇن ئۆتمەي دەسلەپ قىلىپ دۇشمەننى قورقۇتۇپ ئۇندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغلۇق ۋە ئىززەت ئىچىدە ئالغا باسىدۇ[1]. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇشۇ جەرياندا كەلگەن ھەرقانداق نەتىجىلەرنى - يەنى: غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت ئىككى خىل نەتىجىنىڭ ھەرقايسىسىنى رازىلىق ۋە خۇشاللىقى بىلەن كۆتۈرۈپ كىتەلەيدۇ، يەنى: مەغلۇب بولسا مەغلۇبىيەتتىن ئۆزلىرىنى يۇقاتمايدۇ.

يۇقارقى سۆزىمىزدە قوزغىلاڭ ھەققىدە سۆز بولدى. قوزغىلاڭ مەسىلىسىگە كەلسەك: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر

[1] نەتىجىسى ياخشى بولسۇن ياكى نەتىجىسىز بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەر ھالدا غالىبلىق بىلەن ئالغا قەدەم تاشلاۋېرىدۇ - ت

www.munber.org

قوزغىلاڭ ھەققىدە پىكىر قىلمايدۇ ۋە مىسىردىكى ھەرقانداق ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى گەرچە يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ ئېيتىسمۇ، ھەرىكەتلىرىنى قوزغىلاڭنى ئاساس قىلغان ياكى ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن ئاساستا ئېلىپ بارمايدۇ. ھەمدە قوزغىلاڭنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. «ئەھۋال ھازىرقىدەك داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە، ھۆكۈمەت خادىملىرى يېڭىدىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ بۇ مۇشكۇللۇكلەرنىڭ ئالدىنى تېزدىن ئېلىش ھەققىدە باش قاتۇرمىسا، بۇ ئەھۋال چوقۇم ھالدا بىر قوزغىلاڭنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمما بۇ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەشۋىقاتى بولماستىن، بەلكى شارائىتنىڭ قىستىشى، بەزى ئەھۋاللارنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىسلاھات ئامىللىرىنىڭ بىكار تاشلىنىپ قېلىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى، ۋاقىتنىڭ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىگىلىشىپ، كۆچىيىپ، مۇرەككەپلىشىپ قالغان مۇشۇ مۇشكۇللۇكلەر يۇقارقى ئاگاھلاندۇرۇشتىن بۇلۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەت قۇتقۇزغۇچىلىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىسۇن!».

### 3 ـ ھالقىلىق ئاساس

كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەزمىنى ئىسلامىي بىرلىكنىڭ ۋاجىب ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ دىنىي پەرز ۋە دۇنيالىق مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىگە ئويغىتىش، ئىسلامىي بىرلىكنىڭ (يەنى: پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىكىنىڭ) پەرزلىرىگە كەلسەك، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى «بىر ئۈممەت» قىلىپ ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى ئىشنى

www.munber.org

ئـادا قىلىـشـقا ئـۇلارنىڭ ئادىيىسـىمۇ سـەئىي قىلىــدىغان قىلـىــپ بــەردى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىسىغا خۇددى بىر قولدەك بولۇپ ئۇممۇمىي بىر گەۋدە ھالدا يىمىرىلمەس بىر كۈچتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱتَّقُونِ

﴿(ئى پەيغەمبەرلەر جامەئەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار﴾ (سۈرە مۇئمىنۇن 52 ـ ئايەت)

شـۇنىڭدەك، ئىسـلام دىنـى مۇسـۇلمانلار قەيـەردە بولمىسـۇن، ئۇلتۇراقلاشـقان رايـۇنلىرى بىـر ـ بىرىـدىن قانچـە يىراقتـا بولۇشـىدىن قەتئىينەزەر ئـۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنىڭ نوقتىسى بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بىر «ئىمام»[1]نىڭ بولۇشىنى ئۇلارغا ۋاجىپ قىلدى. بۇ دېگىنىمىز شۇ دەرىجىدە مۇھىمكى: ئىمامىي مۇسلىم رىۋايەت قىلغان توغرا ـ راست بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئىمامغا بەيئەت بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ.»

دۇنيا مۇسـۇلمانلىرىنىڭ بىرلىكىنىـڭ ـ دىنىنىـڭ سـىرتىدا تـۇرۇپ قارىغاندىمـۇ زۆرۈرلىكـى شـۇكى: بىرلىـك، ئىتتىپـاقلىق ـ كـۈچ ـ قۇۋۋەتتـۇر. بـۆلۈنۈش، پـارچىلىنىش، چىقىشالماسـلىق بەئەينـى ئاجىزلىقتۇر. بىر دانە خىش ئۆزى ئاددىي ۋە ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ـ بىرلـەپ جەملەنگـەندە ئۇنىڭـدىن مۇسـتەھكەم بىـر بىنـا

---

[1] خەلىپە ـ رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى تۆت خەلىپىگە ئوخشاش ـ ت

www.munber.org

شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭدا ئۇ بىنانى يىقىش ياكى ئۇنىڭدىن بىر تال خىشنى سۇغۇرۇپ ئېلىش قىيىنغا چۈشىدۇ. بەلكى، تېخى ئۇنى يىقىلىمۇ بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئىسلامىي بىرلىك بىلەن نىدا قىلىپ ۋە خەلىپىلىكنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن جىددى پىكىر قىلىشقا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نى چاقىرىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە شۇ بىرلىك ھەققىدىكى مەنىلەرنى (يەنى: چۈشەنچە، تەشۋىقات قاتارلىقلارنى) تەكتىلەش ۋە ئۇنى تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ ئەقىللىرى ۋە يۈرەكلىرىگە مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەتتاكى، كىچىكلەر شۇ كۆز قاراش بىلەن چوڭىيىش، چوڭلار شۇنىڭ بىلەن قېرىش دېگەن مەقسەت ئۈچۈن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۇ ئۇستاز ئىسلامىي بىرلىككە چاقىرىش بىلەن ۋەتەنىي بىرلىككە چاقىرىشنىڭ ياكى ئەرەب بىرلىكىگە چاقىرىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەتلا زىتلىق بار دەپ قارىمايدۇ، سەنمۇ بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز جايىدا چۈشىنەلىسەڭ ۋە ئۆز ئورنىدا توغرا بىلەلىسەڭ ھەرگىزمۇ زىتلىقنى كۆرمەيسەن.

سىز، ئۇ ئۇستازنىڭ «5 ـ كېڭەش رىسالىسى»گە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ! ئۇ بۇ رىسالىسىدە ئىسلام مەيدانىنىڭ (تۇۋەندە تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلارنىڭ مەيدانىمۇ دېيىلىدۇ) ۋەتەن بىرلىكى، ئەرەب بىرلىكى، ئىسلامىيەت بىرلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ھەرخىل تۈرلەرگە تۇتقان قارىشىنى روشەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى شەكسىز

www.munber.org

ھالدا بىرلىكنى مۇستەھكەم پەرز قىلىپ قىچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بىكىتتى. يەنى: ھەر بىر ئىنسان ئۆز يۇرتى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى، يۇرتىغا خىزمەت قىلىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشنى، ئۆزى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان خەلققە قولىدىن كىلىشىچە ياخشىلىق قىلىشنى ۋە شۇ ھەقتە تۇققانلىق ۋە قوشنىلىق جەھەتتىكى ئەڭ يېقىنلىرىغا بۇرۇن، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرا ھال يېقىنلىرىغا تەقدىم قىلىشنى پەرز قىلدى. يېقىنلىقنى ئاساس قىلىش شۇ دەرىجىدىكى: يېقىن تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئەلا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن سەدىقە ـ زاكات، خەير ـ ئېھسانلارنى زورۇر بولمىسا يېقىندىن يىراققا يۆتكەشنى توغرا سانىمىدى. دېمەك، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۆزى تۇرۇۋاتقان جىگرىنى قوغدىشى، ھەمدە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىگە قولىدىن كىلىشىچە خىزمەت قىلىشى شۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن ئالاھىدە بىر پەرزدۇر.»

مانا مۇشۇ نوقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمان دېگەن: باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا ۋەتەنپەرۋەرلىكى چوڭقۇر ۋە ۋەتىنىگە پايدىلىق خىزمەت قىلىشى يۈكسەك بولغان شەخستۇر. چۈنكى بۇنداق بولۇش مۇسۇلمان كىشىگە باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىنغاندۇر.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ۋەتىنىگە ياخشىلىق قىلىشقا ۋە خەلقى يولىدا جانلىرىدىن كىچىشكە باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ قاتتىق ھېرىسمەنلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك، ئەزىز، ئۇلۇغ شەھەرلىرىگە ھەممە ئۇلۇغلۇق، ھەممە ئىززەتنى، بارلىق

www.munber.org

غەلىبە نەتىجىلىرىنى ۋە ھەرقانداق ئىلگىرىلەش ـ تەرەققىياتنى ئارزۇ قىلىدۇ.

مانا مۇشۇ يۇقىرىقى ئۇلۇغلۇقلارغا ئىسلام خەلقلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاشۇ ئۇلۇغلۇقلارغا ياردەمدە بولغان نۇرغۇن شارائىتلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەتكەن ئىدى. (يەنى: ئىسلامنىڭ بۈرۈنقى دۇنياغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يەتكەن ئىدى.)

ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ئەرەب ئېچىدە مەيدانغا كېلىپ باشقا خەلقلەرگە ئەرەبلەر ئارقىلىق يەتتى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى «قۇرئان كەرىم» روشەن ئەرەب تىلىدا كەلدى. پۈتۈن ئۈممەتلەر (يەنى مۇسۇلمانلار) ھەقىقي مۇسۇلمان چاغلىرىدا مۇشۇ قۇرئان ئارقىلىق ئەرەب تىلىغا بىرلىككە كەلگەن ئىدى.[1] بىر ئەسەردە: «قاچانكى، ئەرەبلەر خار بولىدىكەن، ئىسلام خار بولىدۇ» دېگەن قىممەتلىك سۆز بار. بۇ سۆزنىڭ راستلىقى ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي سەلتەنىتى خارابلىشىپ ھاكىمىيەت ۋە باشقا ئىشلار ئۇلارنىڭ قولىدىن غەيرىي ئەرەبلەرگە ۋە «دەيلەم»[2]لەرگە ۋە ئۇلارغا مەنسۇپ كىشىلەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئىسپاتلاندى.

ئەرەب خەلقى بولسا، ئىسلامنىڭ تايانچىلىرى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدۇر. مەن بۇ يەردە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»

---

[1] ئىسلام دىنى ئەرەب ئېچىدە مەيدانغا كەلگەن دېگەن سۆز: ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، قايتا مەيدانغا كەلدى دېمەكتۇر. چۈنكى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى، ئاللاھ رازى بولغان دىن پەقەت ئىسلام دىنىدۇر ـ ت.

[2] ئەجەملەر ئېچىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ ئەسلى كورد مىللىتىگە مەنسۇپ ـ ت

www.munber.org

تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ «ئەرەب تىلى»گە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونۇتقاندەك ئېتىبار بىلەن ئالاھىدە قارايدىغانلىقىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى ياخشى كۆرىمەن. ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىسنىڭ رىۋايىتىدە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولغىنكى، ئەرەب تىلىلا تىلدۇر، ئاگاھ بولغىنكى، ئەرەب تىلىلا تىلدۇر.» شۇڭا ئىسلام ئۇلۇغلىۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئىسلام سەلتەنىتىنى غالىب قىلىش ئۈچۈن ئەرەب بىرلىكى ـ يەنى: پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ ھازىرقىدەك چېچىلاڭغۇلۇق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇش قەتئىي بولمىسا بولمايدىغان بىر مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئەرەبلەر بىرلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، بىرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق خىزمەت ئىشلىشى لازىم. مانا بۇ يۇقارقىلار «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ بىرلىككە تۇتقان مەيدانىدۇر.

مانا ئەمدى بىز ئىسلامىي بىرلىككە تۇتقان مەيدانىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ھەقىقەت شۇكى: ئىسلام بولسا، ئەقىدە ۋە ئىبادەت دىنى بولغاندەك، «ۋەتەن» ۋە «جىنسى»[1] بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. ئىسلام بولسا، كىشىلەر ئارىسىدىكى نەسەبى پەرقلەرنى ئۆزۈل ـ كېسىل تۈگەتتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

[1] «جىنسى» ـ كاپىرلار بىر جىنىس، مۇسۇلمانلار بىر جىنىس دېگەن مەنىدە ـت

www.munber.org

# إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قانلىرى باراۋەر، ئۇلارنىڭ قايسى بىر كىچىك بولغان ئىشقا ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ كېپىل بولالايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا قارىتا (خۇددى) بىر قولدۇر.»

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئىسلام جۇغراپىيە ھېسابىدىكى چېگرالارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ (يەنى: دۆلەت، يۇرت ئايرىمايدۇ)، ئىرقىي ئايرىمچىلىقلارنى پەقەتلا ئېتىبارغا ئالمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۇممەت، مۇسۇلمانلار ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنلەر ھەرقانچە بىر ـ بىرىدىن يىراق، چېگرىلىرى ئۇزۇن، ئۆلكە ـ رايونلىرى ئايرىم بولسىمۇ، ئۇ ۋەتەنلەرنى ئايرىم بىر ۋەتەن دەپ ھېسابلايدۇ. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر مۇشۇ بىرلىكنى بىز يۇقاردا دېگەندەك مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلايدۇ. ۋە مۇشۇ مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسىنىڭ كېيىنكى بۈيۈك نەتىجىسىگە زور ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، ھەمدە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىسلام قېرىنداشلىقىنى غالىب ـ ئەزىز قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت ئىشلەيدۇ، ئۇلار «لا اله الا الله محمد رسول الله» دەيدىغان بىر مۇسۇلمان تۇرۇۋاتقان بىر غېرىچ يەرمۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ دەپ نىدا قىلىدۇ.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، باشقىلارنىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، مۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئىش

www.munber.org

ئۇچۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش تېگىدىن پايدا چىقمايدىغان بىھۇدە، مەنپەئەتى يوق، جاپالىق بىر ئىش، مۇنداق ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىشقا ھەرىكەت قىلىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئۆز مىللىتى ئۇچۇنلا ئىشلىگەنلىكى، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئۆز ۋەتىنىگىلا سەرپ ئېتىپ خىزمەت قىلىشى ياخشى ئىش دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىپ، بۇ گەپلەرنىڭ ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدىغان ئاجىز پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئېيتىدۇ: «بۇ ئىسلام ئۇممىتى بۇرۇن پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دىندا، تىلدا، ئاڭ - سېزىم، ئارزۇ - ئارمانلاردا، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىدە بۆلۈنۈپ - پارچىلىنىپ چېقىشالماس بولۇپ كەتكەن بىر ئۇممەت ئىدى. ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىپ بۇ ئۇممەتنى بىرلەشتۈرۈپ، يۈرەكلىرىنى ئورتاق بىر سۆزگە - يەنى: «تەۋھىد» سۆزىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ھالىتى بىلەن داۋام قىلىپ كەلدى، ئىسلام ئوغلانلىرى ئىچىدىن، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىش ۋە ئىسلامنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەكلىرىدە قايتىدىن يېڭىلاش قاتارلىق يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ مەيدانغا چىقىدىغان بىرەرسى مەيدانغا كېلىدىكەن، چوقۇمكى، ئۇ مۇشۇ ئۇممەتنى - ئۇ ئۇممەتنى بۇرۇنمۇ ئىسلام ئارقىلىق بىرلەشتۈرگەندەك يېڭىدىن بىر پۈتۈن ھالدا بىرلەشتۈرەلەيدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بىر ئىشنى دەسلەپ قىلىشتىن ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاساندۇر. ۋە تەجرىبە بۇنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئەڭ راستچىل دەلىلدۇر.»

بىز يۇقارقى سۆزنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىكىنى

www.munber.org

تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان «ئويغۇنۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغۇدەك بولۇپ دەس تۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى» دەپ ھېسابلاپ شۇنىڭغا ئاساسەن ئاشۇ مىللەتچىلىكنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى روشەنلەشتۇرىدۇ. ئۇلار ھەر بىر ئىنسان ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلىگىنىنى ۋە ئۇزىنى ئۆز ۋەتىنىگە پۇتۇنلەي تەقدىم قىلىۋېتىشىنىمۇ يامان كۆرمەيدۇ.ئۇنىدىن كېيىن ئۇلار «پۈتۈن ئەرەب بىرلىكى» ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن دەس تۇرۇشىنىڭ 2 ـ ھالقىسى بولغان سەۋەبلىك ئاشۇ ئەرەب بىرلىكىنى كۈچەيتىدۇ.[1] ئۇنىدىن كېيىن ئۇلار «ئىسلامىي بىرلىك»نىڭ پۈتۈن ئىسلام ۋەتەنلىرىگە كامىل بىر ئىھاتە (يەنى: توقۇلما، قاشا، سېپىل) بولىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئىسلامىيەت خەلقىنى بىرلەشتۇرۇشكە خىزمەت ئىشلەيدۇ.

مەن يۇقارقىلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيمەن: چوقۇمكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى قېرىنداشلار پۈتۈن دۇنياغا ياخشىلىق كەلتۇرۇشنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنياۋى بىرلىككە چاقىرىدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئىسلامنىڭ مەركىزى نىشانى ۋە ئاللاھنىڭ: **«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»** دېگەن مۇبارەك سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

ۋەتەن بىرلىكى، ئەرەبلەر بىرلىكى ۋە ئىسلام ئوممۇمى بىرلىكى قاتارلىق بىرنەچچە بىرلىكلەر يۇقارقىدەك ئېتىبارلارغا ئاساسەن ۋە

---

[1] ئۇلار بۇ جايدا ھەرىكەت باسقۇچىنى ئىككىگە بۆلۈپ، باش نىشان ۋەتەن ياكى مىللەت بولماستىن، پەقەت دىنىنى ئۇستۇن قىلىش بولۇش كېرەكلىكى، ئەمما ۋەتەن ھەققىدە ئىش قىلىش 1 ـ باسقۇچلۇق تەييارلىق. شۇ ۋەتەنگە بىر مىللەت بولغان باشقا ۋەتەن ھەققىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش 2 ـ باسقۇچلۇق ھەرىكەت. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ دۇنيا ھەققىدە ئوممۇمىيۈزلۈك بولىدۇ دېمەكچى ـ ت

ھەربىرى يەنە بىرسىگە زىت كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ـ بىرىنى چىڭىتىدىغانلىقى ۋە بىر ـ بىرىگە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدىغانلىقىغا ئاساسلانغاندا ئاشۇ ئۈچ بىرلىكنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوقلىقى ھەققىدە تەپسىلى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

بەزىلەر ئۆزلىرىگە خاس بولغان مىللىي چاقىرىقتىن پايدىلىنىپ، مىللىي چاقىرىقنى مىللەتچىلىكتىن باشقا تەرەپىنىمۇ ـ يەنى: ئومۇمى، دۇنيا بىرلىكىنى ئويلايدىغان ئاڭ ـ سەزىمنى ئۆلتۈرىدىغان قۇرال قىلىۋالىدىكەن. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئۇلار بىلەن ھەرگىزمۇ بىرگە بولالمايدۇ. مانا مۇشۇ ئىنچىكە مەسىلە بىز بىلەن نۇرغۇن ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا كېرەك.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ «خەلىپىلىك»[①] ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللارغا بولغان مەيدانىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇم مۇشۇ مۇنازىرىنىڭ تاماملىنىدىن بويىقالسا كېرەك. بۇ ئاخىرقى سۆزۈمنىڭ بايانى مۇنداق: تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر، خەلىپىلىك بولسا ئىسلام بىرلىكىنىڭ ئاساسى ۋە ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئارىسىنى باغلايدىغان نوقتا، ھەمدە ئىسلامنىڭ شۇئارى، مۇسۇلمانلارغا شۇ خەلىپىلىك ئىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ۋاجىپ ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدىكى نۇرغۇن ھۆكۈملەر تەڭلىنىدىغان ئورۇن دەپ چىن دىللىرىدىن ئېتىقاد قىلىدۇ. خەلىپىلىك ئىشى شۇنچە

[①] پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پارچە ھاكىمىيەتنى تاشلاپ ھەممىسى بىر خەلىپىگە ـ باش رەھبەرگە بويسۇنۇپ، دىن دۈشمەنلىرىگە بىرلىكتىن ھاسىل بولغان كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرالايدىغان ھاكىمىيەتنى خەلىپەلىك تۈزۈم دەيدۇ ـ ت

www.munber.org

مۇھىم بولغىنى ئۇچۇن ساھابى كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېيەنگە ئېلىش ۋە دەپنە قىلىش ئىشىدىن خەلىپىلىك ئىشىنى ئىلگىرى تۇتۇپ، خەلىپىلىكتىن ئىبارەت مۇھىم ئىشتىن بىكار بولغىنىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېيەنگە ئېلىش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا خاتىرجەم ھالدا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

«ئىمام» (يەنى باش رەھبەر) تىكلەشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدە، ئىمام تىكلەشنىڭ قائىدىلىرى، ھۆكۈملىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر مۇسۇلمانلارغا خەلىپىلىك پروگراممىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن دەۋردىن باشلاپ ـ ھازىرغىچە خەلىپىلىك بىكار تاشلىنىپ ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىلىك ئىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە شەك قالدۇرغۇدەك ئورۇن قالدۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر خەلىپىلىكنى قايتا قۇرۇش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىشنىڭ قىلمىسا بولمايدىغان بىر مۇنچە تەييارلىقلارغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە خەلىپىلىكنى قايتا قۇرۇش ئۇچۇن بېسىلىدىغان ئۇلۇغ قەدەم ئالدىدا يەنە باشقا نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېتىقاد قىلىپ چىن ئىشىنىش بىلەن بىرگە قەلبلەردىن بىلىپ تۇرسىمۇ، خەلىپىلىك ھەققىدە پىكىر قىلىشنى ۋە ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئەمەلىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى پروگراممىلىرىنىڭ باش قىسمى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى.» (ھەسەنۇل بەننانىڭ سۆزى تۈگىدى)

www.munber.org

مانا يۇقاردا بىز دەپ ئۆتكەن مەلۇماتلار بولسا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ قوللانغان سىياسىي تەربىيە ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدۇر. مانا بۇ شەكسىز ھالدا يېڭى بىر تەربىيە بولۇپ، سىياسىي پارتىيىلەر ۋە تۈزۈملەر بىلەن ـ ئەگەر ئاشۇ باشقا پارتىيەلەرنىڭ ئالدىدا تەربىيە تەرەپلىرىدىن بىرەرسىنى توغرا ئىكەن دەپ قوللىغانلىرى بولسا تېخى ئوخشىمايدۇ. (يەنى ـ شۇلار توغرىدەك تۇرىدۇ دېگەنلىرى ئوخشاشمايدۇ، خاتا ئىكەن دېگەنلىرىغۇ ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.) تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ تەربىيىسى ـ خالىس ئىسلام تەربىيىسىدۇر. چۈنكى بۇ تەربىيىلەر تامامەن ـ ئۇنىڭ ئاساسلىرى بولسۇن، مەزمۇنلىرى بولسۇن، ئىسلامدىنلا ھاسىل قىلىنغان. بۇ تەربىيە: ئىجابىيلىق، ئاكتىپلىق سەۋىيەگە ئىگە بولۇپ، خۇنۇك، ئەخمەقلىق ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، چوڭشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، قۇرۇق گەپكە ئەمەس، ئەمەلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھەرىكەتچانلىق، كۆڭۈلدىكى روھقا ئىگە روھ ئۈستىگە قۇرۇلغانكى، خاراب قىلىش، بۇزۇپ چېچىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس، ھەقىقەتكە، پىداكارلىققا، ئۆزىنى ئۇنتۇشتەك ئالىي خىسلەت ئۈستىگە قۇرۇلغانكى، كۆڭۈل ئارزۇلارغا، مال ـ دۇنيا، غەنىيمەت ـ بايلىقلارغا يېتىش مەقسىدى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس.

www.munber.org

# ئىجابىيلىق ۋە بىناچانلىق

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ كۆز قارىشىدىكى ئىسلامىي تەربىيە ـ يەنى: ئۇلار قوللانغان تەربىيە يۇقاردا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىلاھىي تەربىيە ياكى ئىمان ئاساسىدىكى تەربىيە تەرتىپىگە تەكىتلەش ۋە ئۇنىڭغا مەركەزلىشىش بىلەن ۋە تەربىيە ئۇسۇلى جەھەتلەردە مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئۆزگىچە بولغاندەك، ئىجابىيلىق[①] ۋە بىناچانلىقدىن[②] ئىبارەت مۇھىم خۇسۇسىيەتلەر بىلەنمۇ ئالاھىدە ئۆزگىچە تۇرىدۇ.

«قېرىنداشلار» ھەرىكىتىنى تەسىس قىلغۇچى ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىگە ئۆز ئىسمىگە لايىق نەسىۋىسى ئاتا قىلىنغان[③] بولۇپ، ئۇ كىشىدە ھەقىقەتتىمۇ خاراپ قىلىش ئادىتى بولماستىن، بىناچى (يەنى: قۇرغۇچى، ئىسلاھاتچى)، قۇرۇق سۆزمەن بولماستىن، ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياخشى تەسىر كۆرسەتكۈچى، قۇرۇق خىيالپەرەس خىيالىي ئادەم بولماستىن، ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرى پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن تاقەتلىرى يەتكىنىچە، بىكار ـ بىھۇدە، ئۇيۇن ـ چاقچاق سۆزلىرىگە، سەبىي باللارچە بىكارچىلىققا ۋە

---

① ئىجابىيلىق: ھەرىكەت پائالىيەتلەردە سەلبىيلىقتىن ساقلىنىپ، ئىجابىيلىق رول ئويناش ـ ت.

② بارغانلا يەردە ئاكتىپلىقنى قوللۇنۇپ گۈللەندۈرۈش، پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىنشا قىلىش، قۇرۇشچان بولۇش ـ يەنى: خاراب قىلىش، ۋەيران قىلىش، بىتايىن ـ ھورۇنلۇقنىڭ ئەكسى، تۇۋەندە ئىجابىيلىق، بىناچانلىق دېيىلىدۇ ـ ت

③ ھەسەنۇل بەننا دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا: «ھەقىقىي ياخشى قۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ ـ ت.

www.munber.org

باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىنى كوچىلاپ يۈرۈشكە مەشغۇل بولغانلىق ئورنىغا ئىجابىيلىققا ۋە نەتىجىلىك ئىشلارغا يۈزلەندى. ئۆز ئەيىبىگە قاراپ ئۇنى تۈزەشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىرىگە قارىمىغان، نەزەر سالمىغان كىشىگە مۇبارەك بولسۇن!

ئىسلام دىنى بولسا، مۇسۇلمانلىق قۇرۇق گەپتىن بۇرۇن ئەمەلىيىتى بولۇش، ئۆزى قىلمايدىغان ئىشنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەسلىك، ئىشەنچ قىلالمىغان ئىشنى قىلماسلىق ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەتتىكى كايىشىغا ئۇچراپ قالماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز مەقسىدى قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُوا۟ مَا لَا تَفْعَلُونَ

﴿ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾ (سۈرە سەپ 2 ـ 3 ئايەتلەر)

مۇسۇلمانلىق ئەمەلىي ھەرىكىتى تاشلاندۇق ۋە زايا بولۇپ كېتىدىغان ئەمەل بولماستىن بەلكى، ئاللاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۆتىۋەر، قەدىر ـ قىممەتلىك ئەمەلدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

وَقُلِ ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ
وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾ (سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەت)

ئىسلام دىنى بولسا، «مۇسۇلمان»نىڭ بىھۇدە، پايدىسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىنى، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ناچار ـ پەسكەش ئىشلارغا ياكى ئورۇنسىز سۆزلەرگە چۆمۈپ كېتىش بىلەن ئىسراپ قىلىشىنى، ياكى ناھەق ئىشلارغا ئارىلىشىش بىلەن ئىسراپ قىلىشىنى، ياكى نادانلارنىڭ ئەسكى ـ يامان قىلىقلىرىغا ئارىلىشىپ ئۇنى رەت قىلىپ يۈرۈشكە ئىسراپ قىلىشىنى يامان كۆرىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇنداق دەپ سۈپەتلەيدۇ:

وَٱلَّذِينَ هُمْ عَنِ ٱللَّغْوِ مُعْرِضُونَ

﴿ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾ (سۈرە مۆئمىنۇن 3 ـ ئايەت)

www.munber.org

وَإِذَا سَمِعُوا۟ ٱللَّغْوَ أَعْرَضُوا۟ عَنْهُ وَقَالُوا۟ لَنَآ أَعْمَـٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَـٰلُكُمْ سَلَـٰمٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِى ٱلْجَـٰهِلِينَ

﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز ناداندىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴾ (سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەت)

يەنە ئاللاھ مۆئمىن بەندىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذَا خَاطَبَهُمُ ٱلْجَـٰهِلُونَ قَالُوا۟ سَلَـٰمًا

﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامەنلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾ (سۈرە فۇرقان 63 ـ ئايەت)

وَٱلَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا۟ بِٱللَّغْوِ مَرُّوا۟ كِرَامًا

﴿ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق

www.munber.org

بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىي جانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾ (سۈرە فۇرقان 72 ـ ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ئىنسانىنىڭ بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشنى تاشلىغانلىقى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ ياخشىلىقىدىندۇر.» ھەدىس ئالىملىرى بۇ ھەدىسنى ئىسلام بىناسىنىڭ ئاساسى بولغان تۆت ھەدىسنىڭ بىرسى دەپ ھېسابلىدى.

ئىسلام دىنى بولسا مۇسۇلمانغا، مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىككى كىچىك ئەزاسى يەنى: تىلى، دىلىنى كىشىلەرگە ياكى باشقا نەرسىلەرگە دەشنەم ۋە لەنەت قىلىشقا سەرپ ئېتىشنى بەك يامان كۆرىدۇ. سەۋەبى شۇكى: مۇسۇلمان دېگەن: دەشنەم قىلغۇچى، لەنەت قىلغۇچى ئەمەسدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ يىغىندىسى پۈتۈنلەي مۇنداق دەيدۇ: «تىللىماڭلار!»، «ئۆلۈكلەرنى تىللىماڭلار (يەنى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى تىللىماڭلار) چۈنكى، ئۇلار نېمە ئىش قىلغان بولسا، شۇنىڭغا يېتىپ بولدى»، «زامانىنى تىللىماڭلار، چۈنكى، زامانىنى (زامان قىلغان، باشقۇرغان زات) ئاللاھدۇر.»، «شامالنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ شامال (ئاللاھ تەرىپىدىن) بۇيرۇلغاندۇر»، «تەپ كېسەلنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ خاتالىقلارنى ئۈچۈرگۈچى كەفارەتتۇر.»، «خورازنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ (كىشىلەرنى) نامار ئۈچۈن ئويغۇتىدۇ.»

شەيتاننىڭ ئىنسانغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئەيىبلەنگەن، خارلانغان ھالدا ھەيدەلگەنلىكى ئىسپاتلانغان تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتانغا دەشنەم

www.munber.org

بىرىپ ئۇنى تىللاشتىن توسقانلىقى يۇقارقىدىنمۇ بەكرەك ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. نەسەئىي، تىبرانىي ۋە ھاكىم (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى ساھابىلىرىدىن نەقىل قىلىدۇ. رىۋايەت قىلغۇچى ساھابە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىنگەن تۆگىسىگە مىنگىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر تۆگىدە كېتىپ باراتتىم، تۆگە تۇيۇقسىز تېيىلىپ كەتتى. مەن: «شۇملۇققا دۇچار بولغان شەيتان» دېدىم، ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق دېمە! سەن ئۇنداق دېسەڭ، شەيتان پاخپىيىپ كېتىپ ھەتتاكى، ئۆيدەك بوپقالىدۇ ـ دە ئۇ: «بۇ ئىش مېنىڭ كۈچۈم بىلەن بولدى» دەيدۇ»، لېكىن سەن «بسم الله» (يەنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن) دېگىن! شۇنداق دېسەڭ، ئۇ شەيتان كىچىكلەپ، خۇددى چىۋىندەك بوپقالىدۇ». بۇنىڭدىن چىقىدىغان مەزمۇن شۇكى: شەيتاننى تىللاش سەلبىي ئىش بولۇپ، تىللاش شەيتانغا ئازار بەرمەستىن بەلكى ئۇنى خۇشال قىلىپ مەغرۇرلىقىنى ئۆستۈرۈپ قويىدىكەن (يەنى: ئۆزىنىڭ ئىنساننى كايىتقىنىغا خۇش بولىدىكەن)، ئىنساننىڭ ئاللاھنى ئەسلەشكە، «بسم الله» دېيىشكە ئوخشاش ئىجابىي ئەمەلگە يۈزلىنىشىلا شەيتانغا ئازار بېرىپ ئۇنى ئاچچىقلىتىدىكەن، ھەمدە شەيتاننى پەسلەشتۈرۈپ چىۋىندەك ئېتىبارسىز بولۇپ، كىچىكلەپ كېتىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىكەن.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ بۇرادەرلەرگە بولغان تەربىيىسى ئىسلامنىڭ ئاشۇنداق خالىس، ساپ مەنبەلىرى نۇرى ئاستىدا ۋە ئىجابىيلىق ۋە بىناچانلىق روھى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ تەربىيىلەر ئوخشىمىغان ۋاستىلەر، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە بولغان ئىدى.

ئۇ كىشى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنى سەلبىي

www.munber.org

نــەتىجىلىك ئىشــلاردىن، قارىســـىغا تـــەۋەككۇلچىلىك قىلىشـــتىن، كىشىلەرگە شەرتسىز هالدا تېز باش ئېگىپ كېتىشتىن، شۇم پال ئېلىشتىن ۋە پايدىسىز جېدەل ـ ماجرا تۇغدۇرۇش روھىدىن يىراق بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈپ ئۇلارغا كۈچى يەتكەن مىقداردىكى تىرىشچانلىقنى سەرپ ئېتىش ئۈچۈن ئەمەل مەيدانلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئەمەل مەيدانلىرى كۆپ ۋە تۈرلۈك بولۇپ، پۈتۈن ۋاقتىنى سەرپ ئەتسىمۇ ئەرزىيدىغان، كۈچ قۇۋۋەتنى چالا قويماي ئىشلىتىشكە، مۆئمىنلەرنىڭ ھىممەتلىرىنىڭ باغلىنىشىغا ھەمدە مۇجاھىدلار بويۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىنتىلىشكە، قىزىقىشىغا، ئىشتىياق تارتىشقا لايىق مەيدانلىرى ئىدى.

سىز ئۇ كىشىنىڭ: «تەلىملەر» ناملىق رىسالىسىنى ئاڭلاڭكى: ئۇ ئەمەل قىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئالىدىغان «بەيئەت» ئاساسلىرىدىن 2 ـ بولغان «چۈشىنىش ۋە ئىخلاس» ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن 3 ـ ئاساسنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن «ئەمەل» دېگەن سۆزدىن: ئىلىم ۋە ئىخلاسنىڭ نەتىجىسىنى ئىرادە قىلىمەن». ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَقُلِ ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ

وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

www.munber.org

﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ»﴾ (سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەت)

ساداقەتمەن بۇرادەرلەردىن تەلەپ قىلىنغان ئەمەل مەرتىبىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. *ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن ئىسلاھ قىلىش.* بۇنداق قىلغاندا بەدىنى كۈچلۈك، تەن قۇرۇلۇشى پىششىق، ئاخلاق پىكىرگە ئىگە، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ئىقتىدارلىق، ئېتىقادى ساپ، ئىبادىتى توغرا، ئۆز نەپسى بىلەن كۆرەش قىلالىغۇچى، ۋاقتىغا ئامراق، ئىشلىرىدا ئىنتىزامچان، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بولىدۇ. مانا بۇلار ھەر بىر بۇرادەرنىڭ ئالاھىدە مەجبۇرىيىتى.

2. *»مۇسۇلمان ئائىلە»نى بارلىققا كەلتۈرۈش.* بۇ ئىش شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسلام پىكرىنى ھۆرمەت قىلىش، ھايات مەنزىللىرىنىڭ بارلىق مۇساپىسىدە ئىسلامنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، توي ئىشلىرىنى ياخشى تاللىشى (يەنى ـ ئايالنىڭ دىيانىتىنى، ئەخلاقىنى تاللاپ توي قىلىش)، ئايالنى ئائىلىدە ئۇنىڭ ئۆز ھەققى، ئۆز مەجبۇرىيىتىگە ئۇيغۇن تۇرغۇزۇشى، ئەۋلاد ـ خىزمەتچىلەرنى ياخشى تەربىيىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئۆستۈرۈشلىرى . . . قاتارلىق ئىشلار بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇلارمۇ يۇقارقىدەكلا ھەربىر بۇرادەرنىڭ ئالاھىدە مەجبۇرىيىتى.

www.munber.org

**3. جەمئىيەتكە تۇغرا رەھبەرلىك قىلىش.** بۇ ئىش، جەمئىيەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى كېڭەيتىش، پەس ـ رەزىللەرگە، خاتا ئىشلارغا قارشى جەڭ قىلىش، ئىسىل پەزىلەتلەرگە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە غەيرەتلەندۈرۈش، ياخشى ئىشقا بۇيرۇش، ياخشى پايدىلىق ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلىشقا ئالدىراش، ئومۇمى خەلقنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسلام تەرەپكە مايىل قىلىش، شۇ پىكىر تەرەپكە كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھاياتنىڭ ئومۇمى خاراكتېرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام پىكىرلىرى بىلەن بۇياش (يەنى ـ شۇ بويىچە ئېلىپ مېڭىش) قاتارلىقلار بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. مانا بۇلار ھەربىر بۇرادەرنىڭ ئالاھىدە مەجبۇرىيىتى. شۇنداقلا ئىشچانلىق سۈپىتىگە ئىگە كۆپچىلىكنىڭ ئالاھىدە مەجبۇرىيىتى.

**4. ۋەتەنى ئازاد قىلىش.** بۇ ئىش، ۋەتەننى ئىسلام سەلتەنىتىدىن باشقا ھەرقانداق ئەجنەبىي كۈچنىڭ ئاسارىتىدىن، مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولمىسۇن، مەيلى ئىقتىساد، مەيلى مەنىۋى جەھەتتىن بولمىسۇن قەتئىي ھالدا ئازاد قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

**5. ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش.** بۇ ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى بولسا، تاكى شۇ ھۆكۈمەت ئىسلامىي بولغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت خۇددى خەلقنىڭ خىزمەتچىسىدەك، خادىمىدەك ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگۈچىدەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلام پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، ئىسلامغا ئاسىيلىق قىلىشنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ

www.munber.org

چىقمايدىغان بولىدىكەن، ئۇ ھۆكۈمەت ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ۋە تەلىملىرىنى ئىجرا قىلغۇچى بولىدىكەن، ئۇ شۇ ئىشلاردىن ئايرىلىپلا كەتمەيدىكەن ـ ئۇ ئىسلام ھۆكۈمىتىدۇر.

**6. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دۆلەت مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى.** بۇ مەسىلە، ئىسلام مىللەتلىرى، ۋەتەنلىرىنى ئازاد قىلىش، ئەسلىدىكى ئۇلۇغلۇق، شان ـ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قايتىدىن تىرگۈزۈشى، مەدەنىيەت، ئاڭ ـ سەۋىيەنى يۇقىرى تەلەپكە يېقىنلاشتۇرۇشى، تۇۋەن ئېتىقاندا ـ تونۇش، كۆز قاراش ـ ئىدىيەلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. يۇقارقى شەرتلەر ھازىر بولغاندا، بۇرۇن يوقالغان ئىسلام خەلىپىلىكىنى، تەلەپ قىلىپ ئارزۇلاپ كەلگەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**7. پۈتۈن دۇنياغا ئۈستازلىق قىلىش.** بۇ ئۇلۇغ ئىش بولسا ئىسلام چاقىرىقىنى، دۇنيادا دىنني سىقلىش، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچراش، پىتنە ـ پاسات، زۇلۇم، بۇزۇقچىلىق... قاتارلىقلار پەقەت تۈگەپ، باش ئېگىش پۈتۈنلەي ئاللاھقا خاس بولغانغا قەدەر تارتىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ ئۆز نۇرىنى (يەنى: ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈن قىلماي قويمايدۇ.

مانا بۇ كېيىنكى، تۆت مەرتىبە، يەنى: **4**ـ، **5**ـ، **6**ـ، ۋە **7**ـ مەرتىبىلەر كۆپچىلىك جامائەتكە بىرلىكتە ۋە ھەر بىر بۇرادەرنىڭ جامائەت ئىچىدىكى بىر ئەزا بولغىنىغا نىسبەتەن ئۇنىڭغا ۋاجىب بولغان زۆرۈر بولغان بىر مەجبۇرىيەتتۇر. مانا بۇ **4** مەرتىبىنىڭ نىمە

www.munber.org

دېگەن ئېغىر ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى نىمە دېگەن يۈكسەك ـ ھە!

بىز يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر نەچچە نىشانلارنى بەزىلەر خىيالىي ئىشلار دەپ ئېتىقاد قىلىسمۇ، تەشكىلاتتىكى ھەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەر بۇنى ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بىز ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيمىز، بىزنىڭ پۈتۈن ئارزۇيىمىز ئاللاھدا، ئاللاھ ئۆز ئىشىغا غالىب، لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنى ئاڭ ـ سەۋىيە ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرۈش ھەققىدىكى ئۇسۇلدا، ئۇلارنىڭ كىچىك ئىشلاردىن بۇرۇن چوڭ ئىشلارغا، تارماق ئىشلاردىن بۇرۇن ئاساسلىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشىنى، ھەمدە ئەمەلىيەتكە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشنى، نەتىجىسىز ياكى تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنپەئەت چىقمايدىغان بەس ـ مۇنازىرىگە چۈمۈپ كەتمەسلىكنى ئۇلارغا تەلىم بەرگەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى «20 ئاساس» نىڭ 9 ـ ئاساسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق مەسىلە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان ئىكەن، ئۇنداق ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان مەسىلىگە چوڭقۇر چۆكۈپ كىتىش بىزنى شەرىئەت، ئىسلامىيەت توسقان بىر پايدىسىز ئىش بولۇپ ئۆزىمىزنى جاپاغا سېلىشتىن ئىبارەتتۇر، خالاس. ئەمەلىيەتتە مەيدانغا كەلمىگەن ھۆكۈمەتلەرنى تولا تونۇتتۇرۇپ يۈرۈشلەر، قۇرئاننىڭ ھازىرقى ئىلىم تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈكۈپ كىتىشلەر، ساھابە ـ كىراملارنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قايسىسى پەزىلەتتە ئارتۇق دېگەندەك

www.munber.org

مەنىسىز سۆزلەرنى قىلىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ھەققىدە سۆزلەش... قاتارلىقلار ئەنە شۇ بىز دەپ ئۆتكەن پايدىسىز ئىشلاردۇر. ساھابىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ساھابىلىك پەزىلىتى بار، ئۇلار نىيەتلىرىگە قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئەسلى مەقسەت ـ نىيەتكە قايتۇرۇپ كۆزەتكەندە ئەتراپلىق ئايدىڭلىشىدۇ.»

ئۇ ئۇستاز «شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ تارماقلىرى» ھەققىدە دىنى ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بەزى ئوخشاشماسلىق پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بولسا، دىنى تەبىئىتى، تىل تەبىئىتى ۋە ئىنسانلىق تەبىئىتى قاتارلىقلار پەيدا قىلغان مەسىلە بولۇپ بۇنىڭدىن خەتەر پەقەتلا كېلىپ چىقمايدۇ. لېكىن، خەتەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا، تەرەپكەشلىك، بۆلۈنۈش، ئاداۋەت قىلىشلار تۈپەيلىدىن بولىدۇ دېگەنلەرنى بايان قىلىپ «20 ئاساس» نىڭ 8 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تارماق مەسىلىلىرىدىكى[1] بەزى ئوخشىماسلىقلار دىندا بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولالمايدۇ، ھەمدە جېدەللىشىش، ئۆچمەنلىك قىلىشلارغا ئېلىپ بارمايدۇ. دىندىكى ھەربىر «مۇجتەھىد» (يەنى ـ دىنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىجتىھاد قىلغۇچى، مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغۇچى) نىڭ ئۆز ئەمىلىگە ئەجرى بېرىلىدۇ. ئاللاھنى دوست تۇتۇش سىياسىتى ئاستىدا، يەنى ـ شۇنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى سۆكۈش، تەرەپكەشلىك قىلىشتىن ئىبارەت يامان ئىللەتكە بېرىلىپ قالماستىن، ھەقىقەتكە يېتىشكە ياردەم بېرىش ئاساسىدا

[1] ئىجتىمائىي مەسىلە دېگەن: دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىدىن باشقا قوشۇمچە تارماق مەسىلىلەر ـ ت

www.munber.org

ئىختىلاپي مەسىلىلەردىكى توغرا، ساپ ئىلىملەرنى ھەقىقەتلەشتۈرۈشتە (يەنى ـ راستنى يالغاندىن ھەقىقەتلەپ چىقىش ھەققىدە) ھېچبىر «قىلماڭ!» دەيدىغان توسالغۇ يوق.» چۈنكى، دىنىمىزدا دادىل پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش بار.

يۇقارقىلارغا ئاساسەن، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر بەزى پىكىر ـ كۆز قاراشلارغا تەرەپكەشلىك قىلىش، پايدىسى يوق، نەتىجىسىز نەرسىلەر ھەققىدە مۇنازىرىلىشىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بىمەنە ئىشلارغا قارىتا ۋاقىتلىرىنى زايا قىلىش ۋە شۇ ھەقتە تىرىشىپ جاپا تارتىشلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ۋاقتىنى، تىرىشچانلىقلىرىنى كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان ۋە زېمىندا پايدىلىق بولىدىغان ئىشلارغا سەرپ ئېتىپ كەلدى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرگە ياد بولايلا دەپ قالغان ئاساسلىق **10** ۋەسىيەتلىرى بار ئىدى. بۇ ۋەسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىجابىيلىققا، ئەمەل ـ ھەرىكەتكە ۋە بىناچىلىققا، ھەمدە بىناكارچىلىق، سەلبىيلىك، خاراب، بۇزۇشلاردىن ساقلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ. ھەسەنۇل بەننا بۇ ۋەسىيەتلىرىدە ئېيتىدۇ:

**1.** قايسى بىر ۋاقىتتا ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭ، شارائىتلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامازغا تۇرغىن!

**2.** قۇرئان تىلاۋەت قىلغىن! ياكى مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلغىن (يەنى ـ مۇتالىئە قىلغىن)، ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغىن! ياكى ئاللاھنى ئەسلىگىن! ۋاقتىڭدىن ئازراقىنىمۇ پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ

www.munber.org

قىلمىغىن!

3. ئەرەب تىلىنى پاساھەتلىك سۆزلەشكە تىرىشقىن! چۈنكى بۇنداق تىل ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر[1].

4. قەيەردە بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كۆپ جىدەل قىلما! چۈنكى جىدەل دېگەن ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ.

5. تۇلا كۈلمە! چۈنكى، ئاللاھقا باغلانغان دىل شۇك ئارام ئالغۇچى، ئېغىر ـ بېسىق بولىدۇ.

6. چاقچاق گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت قىلما! چۈنكى كۈرەشچان مىللەت راست ـ چىن پىششىقلىقتىن باشقا ئىش ھەرىكەتلەرنى تونىمايدۇ.

7. سۆزلىگەندە ئاۋازىڭنى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈپ سۆزلىمە! چۈنكى، شۇنداق ئۇنلۇك سۆزلەش ئەخمەقلىقتىن ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا ئازار بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

8. شەخسلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن، ھەيئەتلەر (يەنى ـ جامائەتلەر)گە ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلانغىن! سۆزلىسەڭ ياخشى سۆزلە!

9. ساڭا ئۇچرىغان دىنى بۇرادەرلىرىڭگە ئۆزى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرغىن! چۈنكى بىزنىڭ دەۋىتىمىزنىڭ ئاساسى دوستلۇق ۋە تونۇشتۇرۇشتۇر.

[1] قۇرئان ئەرەب تىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ـ ت

www.munber.org

10. ئىنسانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ۋاقىتلىرىدىن كۆپ (ۋاقىت كىشىلەرگە قاراپ تۇرمىغاچقا پۈتۈن ئىش ۋاقتىقا سىغىپ كېتىپ شۇ ئۆمۈر ئىچىدە قىلىپ بولۇش ناتايىن)، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆزۈڭدىن باشقا كىشىنىڭ ئۇ ۋاقىتتىدىن پايدا ئېلىشىغا ياردەملەشكىن! ئەگەر سىنىڭمۇ مۇھىم ئىشىڭ بولسا، شۇنىمۇ تېز ئادا قىلغىن!

«مۇسۇلماننىڭ ھىممىتى ـ مەقسىدى جەمئىيەتنىڭ كىيسەللىرىگە، كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن مۇشكۈللىكلەرگە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىشلىك، ئىبادەتتىكى بىدئەت ـ خاتالىق، ئەخلاقىدىكى بۇزۇقلۇق، چۈشكۈنلۈك ۋە قۇرئانغا ئېسىلىشتىكى چەتنەش قاتارلىق يامان ئىللەتلەرگە قارشى تۇرماستىن، ئۇنىڭدىن كۆزىنى يۇمۇپلا، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن، ئاللاھ ھەققىدە پىكىر قىلىش بىلەنلا توختاپ شۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ، شەخسىي قىلغان ئىبادىتىدىن لەززەتلىنىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالماسلىقى كېرەك». ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مۇسۇلمان پىتنە ـ پاساتنى يوقۇتۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، ناچار ـ يامان ئىش قىلىدىغانلارنى ياخشىلىققا باشلاش، بىدئەت ئىش قىلغۇچىلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە، چەتنەپ كەتكەنلەرنى راۋۇرۇس مېڭىشقا، ھۇرۇن بىناۋاقلارنى ئىشلەشكە ۋە بۇشاڭلارنى قىزغىنلىققا چاقىرىپ، ئىجابىي قەدەم بېسىش ئورنىغا، يۇقارقى خاتا ئىشلارغا يول ئېچىپ، قىستاشقا ئاسانلا باش ئېگىپ كېتىدىغان ياكى ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدىغان، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ مەيۈسلىنىپ تۇرىدىغان ياكى ئېچىنىشتىن باشقىنى ئۇقمايدىغان مەيدانغا ئىگە ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇنداق مۇسۇلماندىن بولۇپ

www.munber.org

قالماسلىقنى تەكىتلەش بولسا، مۇسۇلمان بۇرادەرنى تەربىيىلەشتىكى ئەجابىي مەنىلەرنىڭ بىرىدۇر.

مۇسۇلماننى، مۇسۇلمان دېگەن باشقىلارنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا يولغا باشلاشنى، چاقىرىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىدى، هاياتىدىكى ئەڭ چوڭ نىشانى، ئۆزىنىڭ هەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلىش ۋە هەر بىر شەخسنى ئىسلام يولىغا باشلاشنى ئۆزىگە قۇياش چىققىنىدىن ۋە پاتقىنىدىن[①] ياخشى دەپ هېسابلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدەك ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرىنىڭ يولى بولغان دەۋەت قىلىش يولى پەقەتلا ئاللاهنى دەپ، ئاللاهنىڭ يولىنى دەپ بولىدىغانلىقىنى، بۇ يولنىڭ هاياتتىكى ۋەزىپە يولىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگۈدەك قىلىپ تەربىيىلەش مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنى تەبىيىلەشتىكى مۇهىم ۋەزىپىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ شۇئارى هەمىشە: «دەسلەپ ئۆزۈڭنى ئىسلاه قىل! ئۇنىدىن كېيىن باشقىلارنى تۈزۈلۈشكە، توغرا يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىل! مانا بۇ ئۆزۈڭنى ئىسلاه قىلىش ۋە باشقىلارنى دەۋەت قىلىش بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇنى ئايرىشقىمۇ بولمايدۇ.» دېگەن سۆز بولدى. ئاللاه مۇنداق دەيدۇ:

وَمَنۡ أَحۡسَنُ قَوۡلاً مِّمَّن دَعَآ إِلَى ٱللَّهِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا وَقَالَ

---

① قۇياش پۈتۈن دۇنيادا چىقىپ، دۇنيادا پېتىپ تۇرىدۇ، بۇ جايدا شۇ نەزەردە تۇتۇلۇپ پۈتۈن دۇنيادىن ياخشى دېگەن مەنىدە ـ ت

www.munber.org

# إِنَّنِي مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ

﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىشى بارمۇ؟﴾ (سۈرە فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت)

تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان ئەشۇ دەۋەت بىر خىل شەكىل ياكى مۇئەييەن بىر ئۇسلۇبتىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ھەربىر بۇرادەر ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە كۈچى يەتكەن كىشىلەرنى تەشۋىق، ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەش، ئايرىم سۆزلىشىش، ئادەتتىكىچە مۇنازىرىلىشىش، ئىقتىسادى ۋە كۈچ جەھەتتە ياردەم بېرىپ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ياكى پېتىنالمىسا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىمان مەيدانىنى تونۇتتۇرۇپ كۆرسىتىپ قويۇش قاتارلىق چارىلەر ئىچىدىن دەۋەت قىلىنغۇچىلاردا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، ھەم ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان ۋاستىنى تاللاپ قوللىنىپ، باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى ھەربىر بۇرادەرگە ئالاھىدە يۈكلەنگەن، باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلاتتىكى ھەر بىر بۇرادەرنىڭ بارغان ـ تۇرغان يېرىدە «تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ ئاۋات قىلغان، گۈزەللەشتۈرگەن ئىدارىسى»، «تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ يېتىشتۈرۈپ تەربىيىلەپ چىققان ئادەملىرى» نى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋەزىپىسى[1] بار ئىدى.

[1] تەشكىلاتتىكى ھەر بىر بۇرادەرنىڭ زىممىسىگە بارغانلا يېرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئۆزىدەك

www.munber.org

ھەممىدىن بەكرەك ئادەم يېتىشتۈرۈش مۇھىم ئەلۋەتتە. ھەتتاكى، ئۇلار ئارىسىدا: «ئۆزى چۈشكەن ھەرقانداق جايدا ياخشى تەسىر قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ياخشى ئادەملىكىنىڭ ئالامىتى» دېگەن سۆز تارالغان ئىدى.

تەشكىلاتتىكى مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى ئىسلامغا چاقىرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆز ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز مۇھىتىدا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىدى. ھەتتاكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىغا قاتناشقان بەزى ئىشچى، خىزمەتچى، تىجارەتچى، دېھقانلار تەبلىغ قىلغان، دەۋەت قىلغان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىلار: «بۇلار ئەزھەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردە يېتىشىپ چىققان كىشىلەر بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشىپ قالغان ئىدى. چۈنكى بۇ تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر تەلەپكە لايىق بولغان پاكلىق ۋە ياشلارغا خاس ئۆتتەك قىزغىنلىقنى جۇغلاش بۇياقتا تۇرسۇن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن پاك تەبىئەت (يەنى ئىمان تەبىئىتى) بىلەن كەسپى تەجرىبە ئۆتتۈرىسىنى بىرلەشتۈرگەن ئىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، ۋاقىتتىن ئۈبدان پايدىلىنىۋېلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ تەربىيىلەنگەنلىكى ۋە ھەر بىر ئىنسان قىيامەت مەيدانىدا تۇرغان ھامان ئۇنىڭ ئۆمرىنى نېمىگە ئىشلىتىپ تۈگەتكەنلىكى، ياخشىلىقنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە سۇئال ـ سوراق بارلىقىغا شەكسىز ئېتىقاد قىلىپ تەربىيەلەنگەنلىكى، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئىجابىي ۋە نەتىجىلىك ئىش

---

ھەممە جەھەتتە ئىلغار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ـ ت

www.munber.org

ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بەرگەن ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن 10 ۋەسىيەتنىڭ ئىچىدىن 2 ـ ۋەسىيەت ۋاقىتقا ئالاقىدار بولۇپ ئۇ ئىككى ۋەسىيەتنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇرئان تىلاۋەت قىلغىن! ياكى مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلغىن! ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغىن! ياكى ئاللاھنى ئەسلىگىن! ۋاقتىڭدىن ئازراقنىمۇ پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلمىغىن!» مانا بۇ 10 ۋەسىيەتنىڭ 2 ـ سىدۇر. 10 ۋەسىيەتنىڭ ئاخىرقى 10 ـ ۋەسىيەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ۋاقىتلىرىدىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن باشقا كىشىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىن پايدىلىنىشىغا ياردەملەشكىن! ئەگەر سېنىڭ مۇھىم ئىشىڭ بولسا، شۇنىمۇ ناھايىتى تېز ئادا قىل.»

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھەر جۈمە كۈنىسى ئەتىگەندە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» كۈندىلىك گېزىتىگە يازىدىغان «ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا يازغان سۆزىدە «ۋاقىت ـ ئالتۇن» دېگەن مەشھۇر مەسىلىنىڭ خاتالىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىت ـ ئالتۇن دېگەن سۆز ھەر قانداق نەرسىنى ماددىنى ئاساس قىلىپ ئۆلچەيدىغان كىشىلەر (ماددىچىلار)نىڭ قارىشىدا توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئالتۇندىن ۋە ھەر قانداق نەپىس جاۋاھىردىن قىممەت، چۈنكى ئالتۇن يوقاپ كەتسە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋېلىش مۇمكىن. ۋاقىت يوقالسا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ۋاقىت ھەقىقەتەن ھاياتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئىنساننىڭ ھاياتىنى ـ ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ۋاپات بولغىچە ئارىلىقتىكى پۈتۈن

www.munber.org

ھاياتنى تۈگىتىدىغان نەرسە شۇ ۋاقىت ئەمەسمۇ؟».

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئەسلىمە خاتىرىسىنىڭ بىرىگە ئۇستازلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىگە ۋە تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىنى خاتىرىلەپ قويغان ئىدى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭنى قالماي سىلەرگە ئەگىشىدىغان تۇغرا نىيەتلىك كىشىلەرنى جۇغلاپ بىرىدىغانلىقىغا ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى سىلەرگە قوشۇپ بىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالەتتە كۆز تۇتۇۋاتىمەن. شۇڭا بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاللاھ سىلەردىن سىلەرگە قوشۇپ بىرىدىغان شۇ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىلىرىدىن قىيامەتتە چوقۇم سۇئال قىلىدۇ: «ئۇلار سىلەرگە ئەگەشكەندە، سىلەر ئۇلارغا پايدا يەتكۈزەلىدىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇلارغا پايدا يەتكۈزەلىگەن بولساڭلار، ئۇلارغىمۇ، سىلەرگىمۇ ئوخشاشلا ساۋاپ بېرىلىدۇ. ياكى ئۇلار ۋاقىتلىرى ئىسراپ بولۇپ، چاڭ ـ توزاندەك مەنىسىز قايتىشتىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئۇلارمۇ سىلەرمۇ ئوخشاشلا ئازابقا دۇچار قىلىنىسىلەر.»

مەن ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ يۇقارقى ۋەسىيىتىنى «تەنتا» شەھرىدە ئېچىلغان چوڭ بىر يىغىلىشتا كەينى ـ كەينىدىن تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. «تەنتا» شەھرىدە ئېچىلغان بۇ چوڭ يىغىلىش ئىنگلىزلارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە نىل ۋادىسىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرالايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلەپلىرىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر پادىشاھلىق

www.munber.org

زامانىسىدا تارقىتىۋېتىلدى. بۇ ئەھۋال 1948 ـ يىلى دېكابىردا تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر ئىشغالىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فىرانسىيە كونسۇللىرىنىڭ «فايىد» ناملىق ھەربىي رايۇندا «مەشھۇر يىغىلىش» ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى. بۇرادەرلەر تارقىتىۋېتىلگەن ئاشۇ ۋاقىتتا دەرھال ئۆزلىرىنىڭ «تەۋر»دېكى چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغان مەركەزنى ئىبادەت قىلىدىغان جامىئەگە، دەرس ئۆتىلىدىغان ئىنستىتوتقا، چېنىقىدىغان توپ مەيدانىغا، مەشىق قىلىدىغان ھەربىي مەيدانغا ۋە مەسلەھەت قىلىدىغان كېڭەش ئورنىغا ئۆزگەرتىۋېلىشقا ئەلۋەتتە قادىر بولالىدى، ھەتتاكى بىز چاقچاق ھېسابىدا مۇنداق دېيىشەتتۇق: «تەۋر» مۇسۇلمان بۇرادەرلەرنىڭ 1949 ـ يىلدا مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ زىيىنىغا سەپەر قىلىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان، ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيدىغان دائىملىق بارىگاھىدۇر. مەن بۇ سۆزلەرنى مېنىڭ تۇۋەندىكى قەسىدەمگە كىرگۈزگەن ئىدىم. مەن بۇ قەسىدىنى (يەنى شېئىرنى) بىز 1950 ـ يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، «سەييىدە زەينەب مەيدانى»دا بەرپا قىلىنغان بۇرادەرلەرنىڭ يىغىلىشىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئۇ قەسىدىنىڭ بەزىسى مۇنداق:

قالوا إلى السجن، قلنا شعبة فتحت

ليجمعونا بها فى الله إخوانا

دۈشمەنلەر: بىزنى «تۈرمىگە مېڭىشلار» دېگەندە، بىز ئۇلارغا: «ئۇ تۈرمە بولسا دۈشمەنلەرنىڭ بىزنى ئاللاھ يولىدا بۇرادەر قىلىپ جۇغلاپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر مەيداندۇر» دېدۇق.

www.munber.org

قالوا إلى الطور، قلنا ألطور مؤتمر
فيه نقرر ما يخشاه أعدانا

دۈشمەنلەر: «تەۋرگە بېرىڭلار» دېدى، بىز ئۇلارغا جاۋابەن دېدۇقكى: «(بوپتۇ) تەۋر بولسا، بىز دۈشمەنلىرىمىز قورقىدىغان ھەرىكەتلەرنى قارار قىلىدىغان كېڭەش ئورنىدۇر.»

فهو المصلى نربي فيه أنفسنا
و هو المصيف نقوي فيه أبدانا

ئۇ جاي ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنكى، بىز شۇ ئورۇندا (ناماز ئوقۇش ئارقىلىق) ئۆزىمىزنى تەربىيىلەيمىز، ئۇ جاي يەنە يازلىقتا ھاۋالىنىدىغان ئورۇنكى، بىز شۇ جايدا بەدەنلىرىمىزنى (يازنىڭ ساپ ـ سالقىن ھاۋاسىدىن) كۈچلەندۈرىمىز.

معسكر صاغنا جندا لمعركة
و معهد زادنا بالحق عرفانا

ئۇ جاي ئۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى بىزگە سىڭدۈرۈپتىدىغان ئەسكەر مەيدانىدۇر. ئۇ جاي بىزنىڭ ھەقىقەتكە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرىدىغان بىر ئىنىستىتوتتۇر.

من حرمو الجمع منا فوق أربعة
ضمنوا الألوف بغاب الطور أسدانا

بىزگە تۆتتىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇشىمىزنى توسقانلار تەۋرنىڭ ئورمانزارلىقىدا مىڭلارچە يولۋاسلىرىمىزنىڭ

www.munber.org

مەيدانغا كىلىشكە سەۋەب بولدى.

راموه منفى و تضييقا فكان لنا
بنعمة الإيمان والحب بستانا

ئۇلار شۇ ئورنىمىزنى قىستاشقا، بەلكى يوق قىلىشقا قەست قىلغان بولسىمۇ، ئۇ جاي بىزگە ئىمان ۋە دوستلۇق نېئمىتى تولۇپ تۇرىدىغان بوستان بولدى.

هذا هو الطور شاؤوا أن نذوب به
و شاء ربك أن نزداد إيمانا

تەۋرىدىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئۇلار بىزنىڭ شۇ جايدا ئېرىپ كېتىشىمىزنى (يەنى دىندىن ئايرىلىپ كېتىشىمىزنى) خالىسىمۇ، سېنىڭ رەببىڭ بولغان ئاللاھ ئىمانىمىزنىڭ زىيادە بولۇشىنى خالىدى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ بۇ تەجرىبىلىرىدىن قوزغىلاڭ جاللاتلىرى خەۋەر تېپىپ قىلىپ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، بۇرادەرلەرنىڭ مۇھاسىرە ياكى تۈرمىدە تۇرغان ۋاقتىتا دەۋەتتى ۋە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كىرىشتى. دەرۋەقە بۇرادەرلەرنىڭ بېشىغا 1954 ـ يىلى ھەربىي تۈرمىگە سولىنىش تەقدىرى قوندى. ئۇلارغا بىر تەرەپتىن بىر كىچە كۈندۈزدە پەقەتلا يېگىدەك سۇ قۇيۇپ بىرىش ئۈچۈن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىلمىسا، باشقا چاغدا ئىچىلمايدىغان تۈرمىنىڭ ئازاۋى كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ئۈچىسىدا ئوينايدىغان قامچا ئاۋازى كىلىپ ئۇلارغا ھەرقانداق بىر جۇغلىشىش،

www.munber.org

ھەتتاكى ناماز ئۆتەش ئۆچۈنمۇ بىر يەرگە يىغىلىش پۇرسىتى قالدۇرمايتتى. شۇنىڭدىن ھەرقانداق بىر كىتابنى ساقلاش ئەركىنلىكىمۇ بولمايتتى. سىقىلىش شۇ دەرىجىدە بولغانكى، قۇرئان كەرىمنى ساقلاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى.

شۇنداق تۇرۇپ بۇ تۈرمىلەر ئازاپ قامچىلىرى كىچىككىنە توختىغان ھامان ئاللاھنى ئەسلەش، تەسبىھ ئېيتىش، ھەققەت ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش مەيدانىغا ئايلانغان. «ئەلۋاھات» دېگەن جايدا قۇرۇلغان «ئەلمە ھارىق» ناملىق ھەربىي تۈرمىگە مەھبۇس بولۇپ يۆتكەلگەن تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەرنىڭ بەزىسى ماڭا: «ئۆزلىرىگە بولغان قىيىن ـ قىستاق ۋە ئازاب ـ كۈلپەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئورۇننى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھېچنىمە ئۆنمەيدىغان قاقاس ھالىتىدىن ياشناپ تۇرغان بىر باغ، زىرائەتتى، ئاشلىق ئۆزۈكى، ھەر خىل مېۋىسى، چارۋا ماللىرى بار گۈزەل بىر باغ بىنا قىلغانلىقىنى، شۇ باغنى قانداق بىنا قىلغانلىقىنى، شۇ باغنىڭ پايدىسىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرگە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئومۇمى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇرادەرلەرنى قوزغىلاڭ ئادەملىرىنىڭ بەزىسى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن بىللە مەشھۇر جاللات ھەمزە بىسيۇنى بىللە كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ بورۇنقى قاقاس چۆل بىر جاينىڭ گۈزەل بىر باغقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىنى، بۇنداق گۈللەنگەن ھالەتنىڭ كەلگەنلەرنىڭ بەكمۇ ئېغىر كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى بۇ ھالەتنىڭ قاتتىق كايىتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كايىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، شۇ قىيناشقا بۇيرۇلغانلارنىڭ يەنىلا روھلىرى كۆتۈرەڭگۈ،

www.munber.org

يۈرەكلىرى ئىش ـ ھەرىكەتكە، ئىشلەشكە قىزىق، ئوچۇق ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىرادىلىرى بولسا بۇشاشماي يەنىلا ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا، نەتىجە يارىتىشقا يۈزلىنىپ تۇرغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى، ئۇلار كايىپ كىتىپ بۇرادەرلەر گۇللەتكەن بۇ جايىنى بۇزۇۋېتىشقا، خاراپ قىلىۋېتىشقا ۋە بۇرادەرلەر ئارىسى بىلەن ھاياتلىق يولىدا ئىشلەش ئارىسىنى تۇسۇپ تۇرىدىغان ۋاستە ـ تۇرمىگە سولاش ۋاستىسى قوللىنىش ئۈچۈن مۇستەھكەم تۇرمە قۇرۇشقا بۇيرىغانلىقىنى» سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دەۋەتتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ يۇقارقىغا ئوخشاش، ئەمەلىيەت بولغان، نەتىجىسى ئىجابىي بولغان، ئىسلام ئۈچۈن پايدىلىق، نەتىجىلىك بولغان دەۋەت بولۇشنى ئىرادە قىلاتتى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دەۋىتىنىڭ ئەپلاتوننىڭ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش «ئۈلگىلىك» جۇمھۇرىيەتنى خىيال قىلدۇرىدىغان، ياكى «فارابىي»نىڭ شەھىرىگە ئوخشاش ئىلغار بىر شەھەرنى خىيال قىلدۇرىدىغان، ئالىي ئورۇندا ياشايدىغان ئاكادىمىيىلىك ياكى پەلسەپىۋىيلىكنىلا ئاساس قىلىدىغان ھەرىكەت بولۇشنى ئىرادە قىلمايتتى. گەرچە بۇ پەلسەپىلەردە ئىلمىنىڭ، پىكىرنىڭ شۇنىڭدەك، ئۇ ئۇستاز ئۆز جامائىتىنىڭ بەزىسىگە بولۇپمۇ چۈشكۈنلىشىش، ئاجىزلىشىش زامانلىرىدا ئۈممەتلەرگە غالىب ـ خوجايىن بولىۋالغان «بىزانتىيە»چە قۇرۇق تاكاللىشىپ ئۆز شەخسلىرىنى ھالاكەتكە ئاپىرىپ قويىدىغان جىدەلخور جامائەت بولۇپ

www.munber.org

قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ ئۇستاز يەنە پايدىسى يوق جىدەلدىن، نەتىجىسىز بولغان يۈرەكلەرنى ئۆرتەيدىغان قۇرۇق ماجرادىن بەكمۇ ھەزەر قىلىدۇراتتى. ۋە مۇنۇ ئۇلۇغ ھەدىسنى بەكمۇ تولا تەكرارلايتتى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بىر مىللەت ئۆزى تۇتۇۋاتقان ـ مېڭىۋاتقان يولدىن چەتنەپ (يەنى ھىدايەت تېپىپ توغرا يولدا ماڭغاندىن كېيىن ئاينىپ) كېتىشى بولسا، شۇ مىللەتنىڭ جىدەل ماجرا قىلىشقانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.»

www.munber.org

# ھەر ئىشتا نۇرمال يول تۇتۇش ۋە ئۆلچەملىك بولۇش

ئىسلام تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ـ ھەسەنۇل بەننا ئۆز دەۋتىدە باشقىلارنى شۇ نۇرماللىققا دەۋەت قىلدى ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە شۇنداق تەلىم بەردى: نۇرمال يول تۇتۇشتۇر. خالىسىڭىز، تەڭپۇڭ ـ ئۆلچەملىك بولۇش ياكى ئوتتۇرا ھال بولۇش دەپ ئاتىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار دۇنيا مىللەتلىرى (يەنى: دىن ئەھلىلىرى ئارىسىدا) ئوتتۇرا ھالنى ۋە «ئەھلى سۈننى ۋەلجەمائە» مەزھىبى، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەڭ نۇرمال ئوتتۇرا ھالى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەر بولسا، شۇ ئەھلى سۈننى ئىچىدىكى تېخىمۇ نۇرمال ئوتتۇرا ھالدۇر. بۇ تەشكىلاتتىكى بۇرادەرلەر ئەقىل بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ ئارىسىنى، ماددا بىلەن روھنىڭ ئارىسىنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئارىسىنى، شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئارىسىنى، ئۆز ـ ئارا مەسلىھەتلىشىش بىلەن شەرتسىز بويسۇنۇشنىڭ[1]، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ[2] ئارىسىنى، كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەممىدە نۇرمال يول تۇتۇپ بىر ـ بىرىگە زىتلاشتۇرماي ئېلىپ ماڭىدۇ.

تەشكىلاتتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىسلامي مىراسلارنىڭ ھەممىسىدىن بىردەك پايدىلاندى. بۇ ھەرىكەت قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ

[1] شەخسي ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىش، دىنى ئىشلاردا ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنۇش كېرەك دېمەكچى ـ ت.

[2] ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى بولىدىغان مەسىلىلەر بىلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى دېمەكچى ـ ت.

www.munber.org

كۆرسەتمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە ئەھمىيەت بېرىشتە دىنىي ئالىملاردىن، گۇمانىي، بۇزۇق قاراشلارنى رەت قىلىش ۋە ئەقلىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىشتا ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن، روھلارنى ھەرخىل يامان ئىللەتلەردىن پاكىزلاش ۋە يۇرەكلەرنى ئۇلۇغ خىسلەتلەر بىلەن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتە «تەسەۋۋۇف» ئالىملىرىدىن پايدىلانغان ئىدى. لېكىن بۇلار بۇ مەسىلىلەردە ئىسلامىي مىراسلاردىن قارىغۇلارچە پايدىلىنىپلا كىتىۋەرمەستىن، بۇ مىراسلارغا قوشۇلۇپ قالغان ياكى يېڭىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئارىلاشمىلاردىن يىراق تۇرۇشقا بەك ھېرىسمەن ۋە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت سۈزۈك مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىشقا قاتتىق ئادەتلەنگەن ئىدى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بەزى كىشىلەردە «فىقھى»[1] مەسىلىلەرگە دائىر يېزىلغان ئىلمىي مىراسلاردىن شۇ مىراسلارنىڭ مەزھەبلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىغا قارىتا مۇتلەق قوبۇل قىلماسلىق مەيدانىدىمۇ تۇرمايدۇ. شۇنىڭدەك بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش مەزھەب مەسىلىلىرىنى مۇتلەق قوبۇل قىلىپ كىتىش مەيدانىدىمۇ تۇرمايدۇ. بۇ زات يەنە مەزھەبلەرگە[2] تەقلىد قىلىنىشنى ۋاجىپ قىلمىغاندەك تەقلىد قىلىشنى ھارام دەپمۇ تۇرمايدۇ. لېكىن تەقلىد قىلىشنى بىر نەچچە شەرت ۋە بىر نەچچە بەلگىلىمىلەرنى شەرت

---

[1] دىنىنىڭ قۇشۇمچە مەسىلىلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى يېزىلغان كىتاپلار. بەزىدە «فىقھى» دېگەن چۈشەنچە دېگەنمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ يەردە تارماق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بەزىدە «فەرئىي» مەسىلە دەپمۇ ئاتىلىدۇ ـ ت.

[2] قۇشۇمچە مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشقا رۇخسەت بولغىنى ئۈچۈن، دىنىي ئالىملار بىر نەچچە مەسىلىلەرنى بىر نەچچە كۆز قاراشتا (يەنى: مەزھەپتە بولغان، ئەمما دىنىنىڭ ئاساسى مەسىلىلىرىدە مەزھەبلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئىختىلاپ يوق ـ ت.

www.munber.org

قىلىپ بەزىلەرگە رۇخسەت قىلدى. مانا بۇ بولسا، نورمال يول تۇتۇشتىكى نىشاندۇر.

ئۇ ئۇستاز «20 ئاساس» نىڭ 7 ـ سىدە ئېيتىدۇ: «دىنىنىڭ قوشۇمچە ھۆكۈملىرىنىڭ دەلىللىرىگە قارىتا تەپەككۇر قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلمى يوق ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ دىن ئىماملىرىدىن (يەنى: ھەنەفىيە، شافىئىيە، مالىكىيە ۋە ھەنبەلىيە مەزھەپلىرىدىن) بىر ئىمامغا ئەگىشىش لازىم. ئەگىشىش بىلەن بىرگە شۇ مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ئەگەشكەن ئىمامنىڭ دەلىلىنى ئىمكانقەدەر تونۇشقا تىرىشقىنى، راستلىقى، مۇكەممەللىكى ئىسپاتلانغان، دەلىل ـ پاكىتنى ئاساس قىلغان ھەر قانداق يول كۆرسىتىشنى قوبۇل قىلغىنى، ئەگەر ئۇ كىشى ئىلىم ئەھلى بولسا، ئۆز ئىلمىنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغان دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئىلمىنىڭ كەمچىل تەرىپىنى تولۇقلىۋالغىنى ياخشى. تەپەككۇر قىلالايدىغان دەرىجىگە يېتىش دېگىنىمىز، ھېچ بولمىسا ئىككى دەلىلنىڭ بىرىنى كۈچلەندۈرەلىگۈدەك، كىچىككىنە بولسىمۇ ئىجتىھاد قىلالىغۇدەك بولۇش دېگەنلىكتۇر.»

يۇقىرىقى دېگىنىمىز: دىن ئىماملىرىدىن قايسى بىر ئىمام بولمىسۇن، ئۇنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ ھەممىسى راست ـ ھەقىقەتتۇر دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىماممۇ ھەقىقەتكە ـ راستقا يېتىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىدۇر. ئەگەر راستنى تاپسا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، ئەگەر خاتالىشىپ كەتسە، ئۇنىڭغا يەنىلا بىر ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر شۇ ئىمامنىڭ خاتالاشقانلىقى بىزگە ئايدىڭلاشسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ

www.munber.org

ئىشەنمىز ئەمەس. شۇڭا ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «20 ئاساس» نىڭ 6 ـ سىدە ئوچۇق ھالدا ئېيتىدۇ: «ھەممە ئەيىب ۋە خاتالىقتىن خالىي بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ۋە «سەلەفسالىھىن» لەر (ئۇلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن)دىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن نەقىل قىلىنغانلىرىدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ سۆزى ئەمەلمۇ قىلىنىدۇ ۋە تاشلاپمۇ قويىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق سۆز تاشلىنىشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئىككىسى ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق، ئەڭ تېگىشلىك ئاساستۇر.»، لېكىن بىز ئالىملارغا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلەردە تەنە ـ ھاقارەت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولمايمىز. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى نىيەتلىرىگە ھاۋالە قىلىپ، نىيەتلىرى توغرا بولغىيدى ئىلاھىم! دەپ ئۇلار ھەققىدە ئېغىز ئاچمايمىز. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتى مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھ ئالدىدا كۆرۈپ بولدى. مانا بۇ ھەقىقىي نورماللىقتۇر. بۇ شەكسىز ھالدا ھېچبىر كىشى جىدەللىشىشكە پېتىنالمايدىغان ئىنساپ بىلەن قاراشتۇر. ھەمدە بۇنداق نورمال كۆز قاراش «شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە» رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ (يەنى ئاتاقلىق ئالىملار ھەققىدە بولغان تەنىلەرنى يوقۇتۇش) ناملىق ئۇلۇغ ۋە ئاساسلىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى ياكى مەيدانىدۇر.

ئىسلام ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقۇچى، يولباشچى ـ ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى يۇقىرىقىلاردا توختاپ قالماستىن، بەلكى ھىجرىيەنىڭ 14 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان، ھەمدە شۇ ئەسىردە

www.munber.org

دىنغا باشقىلارنى دەۋەت قىلغۇچى سۈپەت بىلەن تۇرۇۋاتقان، بىزلەرگە ئۆز دەۋرى، ئۆز شارائىتىغا ماس بولغان پىكىر ۋە ئىلىملەرنىڭ ھەممىنى (يەنى بۈندىن ئىلگىرىكى پىكىر ۋە ئىلىملەرنى) قوبۇل قىلىپ، تەقلىد قىلىپ يۈرۈشىمىز لازىم ئەمەس. لېكىن بىز يەنىلا قەدىمقى تۈرلۈك ئىلمىي مىراسلارنى ئۆگىنىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمىز. ئىلگىرىكى بايلىقلىرىمىز بولسا، شەكسىز ھالدا چوڭ بىر بايلىقتۇر. بىزلەرنىڭمۇ ئىلگىرىكىلەر ئىجتىھاد قىلغانىدەك ئۆزىمىزنىڭ شارائىتىغا لايىق ئىجتىھاد قىلىش ئەركىنلىكىمىز بار ئەلۋەتتە دېگەنلەرنى ئىپادە قىلدى.

ئۇ كىشى «5 ـ كېڭەش رىسالىسى»دە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەر ئىسلام تەلىملىرىنىڭ ئاساسى ۋە بۇلىقى شەكسىز ھالدا ئاللاھنىڭ كىتابى ـ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ ئىككىسىگە ئىسلام ئۈممىتى مۇستەھكەم ئېسىلىپ شۇ بويىچە ماڭسا، ئۇ ئۈممەتنىڭ ئەبەدىل ـ ئەبەد ئازمايدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ ۋە شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىسلامغا ئالاقىدار بولغان ۋە ئىسلام نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن پىكىر ۋە ئىلىملەرنى ئىجاد قىلغان زامانلارنىڭ ۋە زاماندىن باشقا خەلقلەرنىڭ قوشۇمچە ياسالما نەرسىلەردىن نۇرغۇنلىرىنى بىرگە ئېلىپ يۇقۇتۇپ كەلگەنلىكى ـ يەنى قۇرئان ۋە ھەدىستىن باشقا پىكىر ۋە ئىلىملەر ئۇزۇن زامان تەسىرى ئاستىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ ئەمەل قىلىش ئاساسى بولغان ئىسلامىي تۈزۈملەرنى بىرىنچى ۋە ئاساس بولغان بۇلاق ـ مۇشۇ قۇرئان ۋە ھەدىس نامىلىق ساپ بۇلاقتىن ئېلىنىشى،

www.munber.org

ئىسلامنى ساھابە ـ كىراملار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلەردىن ئىبارەت (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) «سەلەفسالىھىنلەر» چۈشەنگەندەك چۈشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ بىزگە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى كىشەنلىمەسلىكىمىز، بىز ئەسىرىمىزگە ئۇيغۇن بولمىغان بىرەر ئەسىرنىڭ ئادىتى ياكى خۇيى ـ پەيلىنى ئۆزىمىزگە لازىم تۇتماسلىقىمىز ئۈچۈن ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىدە چىڭ تۇرۇپ ئىشتىغالا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ئىسلام بولسا، پۈتۈن ئىسلامىيەتنىڭ بىردەك دىنىدۇر».

مانا مۇشۇلار ھەقىقى ئىسلاھ قىلىش، ھەقىقي يېڭىلاش روھى بولۇپ، ئوتتۇرىچىللىق ـ سولچىللىقتىن خالىي نورمال ھالدىكى يېڭىلاش روھىدۇر.

مانا بۇ ھەسەنۇل بەننا رەھىمەھۇللاھى ئەلەيھىنىڭ فىقھى مەسىلىسىگە، ئىجتىھاد قىلىش مەسىلىسىگە، قارىغۇلارچە ئەگىشىش مەسىلىسىگە، مەزھەپلىك ۋە مەزھەپسىزلىك مەسىلىسىگە قارىتا يەنىلا ئوتتۇرىچىللىق ـ سولچىللىقتىن خالىي تۇتقان نورمال مەيدانىدۇر. بۇ كىشىنىڭ ئەقىدە ـ ئىسلام ئۇسۇلى ھەققىدە شۇ ئەقىدىنى مەركەز قىلغان بەزى مەسىلىلەردە پەيدا بولغان، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بەزى جايلىرىنى چۈشىنىشتە پەيدا بولغان ئىختىلاپلار ۋە شۇ ئەقىدە ھەققىدە تۇتقان مەيدانى يۇقىرىقىغا ئوخشايتتى.

ئۇ كىشى «ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە» ئەقىدىسىنى چىڭ تۇتىدىغان، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتە سەلەفلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن)نىڭ

www.munber.org

يولىنى ئاساس قىلىدىغان، تەۋھىدنى ئەمەللەشتۈرۈش، شېرىكنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن تۈرلىرىگە قارشى تۇرۇشقا قاتتىق ھېرىسمەن كىشى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىنى شېرىك پەيدا قىلىپ سالغۇدەك دەرىجىدە زىيارەت قىلىش، ئەۋلىيالاردىن شېرىككە ئاپىرىدىغان تىلەكلەر بىلەن پەرياد تىلەش، كاھىن ـ رامبال، چىراغچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلاردىن ھاجەت سوراپ ياكى ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئۇلارنى تەستىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خاتا ۋە خۇراپاتلىق قاتارلىق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى، ئىبادەتلىرى، پىكىر ـ تەپەككۇرلىرى، ئاڭ ـ سەۋىيەلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ۋە ماڭغان يوللىرىنى بۇزۇپ قويغان بۇتپەرەسلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە ۋە شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان بىدئەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان كىشى ئىدى.

ئۇ كىشى شېرىك ۋە بىدئەتلەرگە قارشى قوزغايدىغان ھۇجۇمى ئۈچۈن روھ ۋە ئەقىللەرنى شېرىك ـ بىدئەتكە قارشى كۈرەش قىلالايدىغان قىلىپ تەييارلايدىغان ۋاستىنى تەييار قىلاتتى. ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا بولغان ئىنكارىنى ھەقىقەتنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىلەن كىشىلەرنى ياخشى نەسىھەت ۋە پايدىلىق سۆز بىلەن دەۋەت قىلىش ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدىغان تەسىرلىك، ھېكمەتلىك ئىبارىلەرگە سىڭدۈرۈۋېتەتتى.

سىز، ئۇ كىشىنىڭ «20 ئاساس»نىڭ بىرىدە دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: «ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا ئاساسەن ماختاش

www.munber.org

ئاللاھتەباركە ۋە تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر ئىشتۇر. ئەۋلىيالار (يەنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى) ئاللاھنىڭ مۇنۇ كالامىدا سۆزلەنگەندۇر:

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ

﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾ (سۈرە يۇنۇس 63 ـ ئايەت). ئەۋلىيالار مەيلى هاياتىدا، مەيلى ۋاپاتىدىن كېيىن باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان كەلتۈرۈشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە يەنە شەرىئەت ئىسلامىيەت كۆرسەتكەن بىرنەچچە شەرت ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) كاراماەتلىرىنى ئىسپات قىلىمىز.

«قەبرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە زىيارەت قىلىش قەيەردە بولسۇن ئۇ قانۇنلۇق سۈننەتتۇر. لېكىن قەيەردىكى بولسۇن قەبرى ئىچىدىكىلەردىن ياردەم سوراش، مەدەت تىلەپ نىدا قىلىش، ئۇلاردىن مەيلى يىراقتا تۇرسۇن، مەيلى يېقىندا تۇرۇپ قىلسۇن هاجەتلىرىنىڭ ئاداسىنى تەلەپ قىلىش، ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىش، قەبرىلەرنى قاتتۇرۇش، ئۇ قەبرىلەرگە يۆپۈق يېپىش، ئۇ قەبرىلەردە چىراق ياندۇرۇش، ئۇ قەبرىلەرگە ئۆزىنى سۈۋاش، ئاللاھنىڭ باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بىدئەتلەر كەسكىن جەڭ قىلىش ۋاجىپ بولغان گۇناھى كەبىرا (يەنى قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلمىسا، ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان چوڭ گۇناھ) لەردۇر. شېرىككە ۋاستە بولىدىغان ھەر قانداق ۋاستىنى ئېتىۋېتىش

www.munber.org

ئۇچۇن بىز بۇنداق ئىشلارنى خاتا ئەمەستى، دەپ «تەئۋىل قىلىپ ئۇلتۇرمايمىز».

شۇنىڭدەك بىز، ئۇ كىشىنىڭ باتىلنى رەسۋا قىلىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتنى بايان قىلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، خاتا ـ جىنايەتنى ئىنكار قىلىشتىن بۇرۇن ياخشىلىقنى تونۇتتۇرۇشقا قەدەم سالىدىغان كىشىلىكىنى كۆرەلەيمىز.

مۇشۇنداق قىلغاندا باتىل بىلەن ئۆمۈرلىرىنى ئۆتكۈزىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرى يۇمشايدۇ. ئۇ كىشى دەۋەت قىلغۇچى ۋە پەم ـ پاراسەتلىك تەربىيىچى، ھەقىقەتكە ئۇنمايدىغان كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويماستىن ياكى قارشى چىققۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىماستىن شۇ كۆڭۈللەرگە كىرىپ كىتەلىگىنىدەك كىرىپ كىتەتتى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ «ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى» ھەققىدە ۋە بۇ ھەقتە قوزغالغان «تەئۋىل قىلغۇچى»[①] ۋە «تەئۋىل قىلمىغۇچى»[②] ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل توغرىسىدا تۇتقان ئەھۋالمۇ شۇنىڭدەك نورمال ئىدى. دېمەك، بۇ كىشى ئۇنداق ئىختىلاپ تەرەپلىرىگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي، تەئۋىل قىلىشنىڭ جاپاسىدىن[③] ۋە ئىنكار قىلىۋېتىشنىڭ[④] گۇناھىدىن يىراقتا تۇرۇپ

① ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ئۆز مەنىسىدە چۈشەنسەك، مەخلۇقنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاپ قېلىش ئېھتىمالى بار دەپ ئەسلى مەنىسىدىن ئۆزگەرتىپ چۈشىنىدىغانلار ـ ت.
② ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاللاھ ئۆزى سۈپەتلىگەن پېتى چۈشىنىمىز، ئاللاھ مەخلۇققا زادىلا ئوخشىمىغاندەك، سۈپەتلىرىدىمۇ ھېچ قانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلماي ئۆز مەنىسىدە چۈشىنىشىمىز خاتا ئەمەس دېگۈچىلەر. ـ ت.
③ تەئۋىل قىلغاندا بىر مۇنچە سۆز قىلىپ جاپا تارتىشقا توغرا كېلىدۇ دېمەكچى ـ ت.
④ ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ـ ت.

www.munber.org

چۈشىنىش ئاسان بولغان ئاۋۋالقى مەنبە ـ قۇرئان ۋە ھەدىسقا مۇراجىئەت قىلىدىغان كىشى ئىدى.

ئۇ ئۇستاز «20 ئاساس» نىڭ 10 ـ سىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى تونۇش، ئۇ زاتنى زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئەفئالىدا بىر دەپ بىلىش ۋە مەخلۇققا ئوخشاپ قېلىشتىن ۋە باشقا ئەيىب ـ نوقسانلاردىن پاك ـ مۇنەززەھ دەپ بىلىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى ئايەتلەر ۋە ئىشەنچلىك راست ھەدىسلەر ۋە بۇ ئايەتلەر ـ ھەدىسلەرگە قوشۇلۇپ كېتىدىغان «مۇتەشابىھ»[1] ئايەتلەرگە ئىشىنىشتە بىزگە قۇرئاندا يېتىپ كەلگەن پېتى تەئۋىل قىلماستىن، ئىنكارمۇ قىلماستىن ئىشىنىمىز ۋە بۇ توغرىسىدا ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىختىلاپلارغا ئارىلاشمايمىز. بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە ـ كىراملارگە كۆرسەتمە بولغان ئەھۋال كۇپايە قىلىدۇ.» ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَٱلرَّٰسِخُونَ فِى ٱلْعِلْمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا

﴿ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان»﴾ (سۈرە ئال ئىمران 7 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتىن چىقىدىغان قىسقىچە مەزمۇن: ئىلىم ئەھلى بولغان

---

[1] ئاللاھنىڭ بەزى سۈپەتلىرى بىلەن ئۇنى ئۆز مەنىسى بويىچە قارىغاندا، باشقا مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئېھتىماللىقتەك كۆرۈنۈپ قالىدىغان يەنى ـ تەئۋىل قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدىكى ئىختىلاپ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان بەزى ئايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ ـ ت.

www.munber.org

مۇسۇلمانلار مەنبەسىنى چۈشەنگەن ـ چۈشەنمىگەن ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە، ئۇنى ئۆزگەرتىپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىغا، ئاللاھ دىگەننى دىگەن بويىچە ئىشىنىشنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مانا مۇشۇنداق ئىنساپلىق نورمال روھى ئىپسىللىكى بىلەن «تەسەۋۋۇف» (يەنى سۇپىزىم مەسىلىكى) بولسىمۇ نورمال يول تۇتۇپ بىر مەسىلەكنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى، سۈننەتكە لايىقلىرىنىمۇ، بىدئەتلىرىنىمۇ بىر پۈتۈن ئايرىپ ئولتۇرماي قوبۇل قىلىدىغان مەيداندىمۇ ۋە توغرا ـ خاتا، ياخشى ـ يامانلىرىنىمۇ بىرگە قوشۇپ تاشلىۋىتىدىغان مەيداندىمۇ تۇرمىدى. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتە قوللانغان پىرىنسىپى شۇ بولدىكى: «سۆزۈكىنى ئېلىپ لاۋا ـ لاتقىسىنى تاشلاش»، تەسەۋۋۇفتىكى ھەممە ئىش ئورۇنسىز خاتامۇ ئەمەس، ھەممىسى توغرا ھەقىقەتمۇ ئەمەس، تەسەۋۋۇف يولىنى تۇتقان كىشىنىڭ ھەممىسى بىدئەتچىمۇ ئەمەس، ھەممىسى سۈننەتنى ئاساس قىلغۇچىمۇ ئەمەس. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر قەۋمنىڭ مىراسلىرىدىن ئۇنى پاكىزلاپ، تاللاپ پايدىلىنىش كېرەك. تەسەۋۋۇفتا تەسەۋۋۇف يولىدىكى ئادەملەرنىڭ باشقىسىدا يوق قىزغىنلىق ۋە تەسىرلەر ئۇنىڭدىكى ئادەمدە بار. ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقىلىرىنىڭ سۆزلىرىدە يوق سۆلەت ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە بار.

ئۇستاز ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇفقا بولغان كۆز قارىشىنى «دەۋەت ۋە دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ تەزكىرىلىرى»ناملىق كىتابىدا روشەن بايان قىلدى.

www.munber.org

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى باشتىلا تەسەۋۋۇف يوللىرىنىڭ بىرگە يىپىشىپ تۇرۇپ ئىش باشلىغانلىقىغا قارىماستىن ۋە ئۆزىنى تەسەۋۋۇفقا پۈتۈنلەي تاشلاپ قويماستىن، بەلكى بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلمايتتى. ئۇ ئۇستاز ئۆزى ۋە دوستى «سەكەرى» توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆز مۆلچەرىمىزدە ـ ئىبادەتكە، ئاللاھنى ئەسلەشكە ۋە تەرىقەت يولىنىڭ ئەدەبلىرىگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولساقمۇ، پىكىر تەپەككۇر قىلىشىمىزدا ئەركىن بولۇشنى خالايتتۇق.»

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ تەسەۋۋۇفتا تۇتقان يولى بىدئەتتىن بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ تەسەۋۋۇفتىكى ئۇستازىنىڭ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، بولۇپمۇ چوڭ ئەربابلارنى بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە سۈننەتلەرگە ئەگىشىش، بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇش . . . جەھەتلەردىكى قاتتىق قوللىقى ئۇنى بەكمۇ خوش قىلاتتى ۋە تەسىرلەندۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى ئۇستازىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھېسسىي ئىشلىرىنى ۋە كارامەتلىرىنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ۋاقىتتا نۇرغۇنلىرىغا قۇلاق سالمايتتى. ئۇ كىشىنىڭ قارىشىدا خەلقنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ھەقنى ئەتراپقا تارقىتىش توغرىسىدا ئىلىپ بېرىلغان ئەمەلىي پائالىيەت ھەرقانداق كارامەتتىن ئۇلۇغ ھەم كاتتا ئىدى.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ: بىدئەتكە ئىلىپ بارىدىغان زىيارەتلەر[1]، گۈمبەزلەرنى چۆرگىلەشلەر، قەبرىلەردىن،

[1] ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىلىرىنى دىنىنىڭ كۆرسەتكىنىدىن چەتنەپ زىيارەت قىلىش ـ ت.

www.munber.org

تەۋەررۇك[1] ئىزدەشلەر، ياردەم تەلەپ قىلغان ھالدا ئۇلۇكلەرگە دۇئا قىلىش ۋە ئۇلارنى چاقىرىشلار ۋە تۇمارلارنى ئېسىش . . . قاتارلىقلار كۆپ ساندىكى تەسەۋۋۇفچىلار ئارىسىدا راۋاج تېپىپ كەتكەن يېڭىدا پەيدا بولغان بىدئەتلەرگە قارشى تىكلىگەن نەيزىسى بۇشاشمىدى. ئۇ كىشى بۇ نەرسىلەرگە قارشى «20 ئاساس» دا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ھەمدە بۇ نەرسىلەرنى ئۇرۇشۇش لازىم بولغان گۇناھى كەبىرالار، شېرىكنىڭ ۋاستىسىنى ئىتىش ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى گۇناھ ئەمەس ئىدى دەپ تەئۋىل قىلمايمىز دەپ ھېسابلايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ كىشى يەنە بىدئەتلەرگە ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى ئاستىدا ياخشى دەپ تونىسىمۇ دىندا ـ ئەسلى ئاساسى يوق ھەر قانداق كېيىن پەيدا بولغان نەرسە ـ يەنى بىدئەت، مەيلى دىندا زىيادە قىلىش بىلەن بولسۇن، مەيلى كەملىتىش بىلەن بولسۇن ئۇنداق نەرسىلەرنى ئەڭ ياخشى ۋاستە بىلەن يوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش لازىم. ئۇنداق گۇمراھلىقنى يوقۇتۇشتا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق گۇمراھلىق كەلتۈرمەيدىغان ۋاستە ئىشلىتىش كېرەككى، يوقۇتۇش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلماي، يۇقاتماقچى بولغان نەرسىدىن ئارتۇقراق «زالالەت» (يەنى گۇمراھلىق)نى مەيدانغا چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.»

مانا بۇ بىر خاتالىقنى يوقۇتۇش ئۈچۈن شۇ خاتالىقتىن چوڭراقنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ۋاستە ئىشلەتمەسلىك ۋە شۇ خاتالىقنى يوقاتقان

[1] بەرىكەت ئىزدەش ـ ت.

www.munber.org

تەقدىردە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن چوڭراق خاتالىق مەيدانغا چىقىدىغان بولسا، ئۇ خاتانى ۋاقتىنچە يوقاتماسلىق ھەقىقي توغرا چۈشەنچىدۇر. چۈنكى بىر جىنايەتكە قارشى تۇرۇش شۇ جىنايەتتىن چوڭ ۋە خەتەرلىك يەنە بىر جىنايەتنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە سەۋەب بولىدىغان ۋاقىتتا ئۇ جىنايەتكە ۋاقتىنچە قارشى تۇرماي سۈكۈت قىلىپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇش لازىم. بۇ سۆزىمىزگە قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىل بار بولۇپ ئۆز ئورنىدا مەلۇمدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن رامىزان شەرىفتە ئوقۇلىدىغان «تەراۋىھ» نامىزىنى سەككىز رەكئەت ئوقۇيتتى، لىكىن 20 رەكئەت ئوقۇيدىغانلارغىمۇ قارشى چىقمايتتى ياكى ئىنكار قىلمايتتى. چۈنكى ھەر ئىككى گورۇھنىڭ ئۆزىگە لايىق دەلىلى، ئاساسى بار، قوشۇمچە تارماق مەسىلىلەردە ئىختىلاپلار بىر نەچچە سەۋەبلەر تۈپەيلى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنى ئۇ ئۇستاز بىر نەچچە رىسالىلىرىدە سۆزلىگەن ئىدى.

بۇرادەرلەر ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھەققىدە مۇنداق بىر ئىشنى نەقىل قىلىشىدۇ. ئۇ ئۇستاز بىر شەھەرگە زىيارەتكە بارغان ئىدى، شەھەر ئاھالىسى تەراۋىھ نامىزىنى سەككىز رەكئەت ئوقۇغۇچىلار ۋە 20 رەكئەت ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، قاتتىق ئىختىلاپ قىلىشقان، ئىككى گورۇھ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش-ئۇلۇم ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا تاسلا قالغان بىر خەلق ئىكەن. ئىككى گورۇھ شۇ مەسىلىنى ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىن سوراش

www.munber.org

ئۇچۇن يىغىلىشىپ، ئۇ كىشىدىن شۇ ھەقتە جاۋاب تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى ئۇلارغا جاۋاب بەرمەستىن بەلكى ئۇلاردىن ئۆزى بىر سوئال سوراپتۇ: قېرىنداشلار! تەراۋىھ نامىزى سۈننەتمۇ ياكى پەرزمۇ؟ ئۇلار ھەممىسى بىردەك: «تەراۋىھ نامىزى سۈننەت» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەپ سوراپتۇ: «مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق سۈننەتمۇ ياكى پەرزمۇ؟»، ئۇلار بىردەك: ـ بۇ بولسا ئەلۋەتتە پەرز دەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى دانە ـ دانە قىلىپ قاتتىق تەلەپپۇزدا: «سىلەر سۈننەتنى دەپ پەرزنى قانداقمۇ بىكار قىلىۋەتكەنسىلەر؟ سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلارنىڭ يۈزلىرىگە كاچاتلاپ ئۇرۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ يۈرگىنىڭلارنىڭ ئورنىغا ئىسلامىي قېرىنداشلىقىڭلارنى ساقلاپ قالغىنىڭلار، پەرزنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ تەراۋىھ ئوقۇغىچە مەسجىددە تەراۋىھ ئوقۇيدىغان ئىشنى توختاتقىنىڭلار ياخشى» دەپتۇ.

سۈننەتكە ئەگەشكۈچى «سەلەف»نىڭ ئەقلى بىلەن، ھەقنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىغان سۆزۈك قەلب ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۆز يارەنلىرىگە شۇنىڭدەك بولۇشنى تەلەپ قويۇش ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئېسىل خىسلىتى ۋە باشقىچە ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئۇ ئۇستاز ئېتىقاد جەھەتتە خالىس سەلەفنىڭ ئېتىقادىدا بولۇپ «تەۋھىد»گە چىن تەستىق قىلىدىغان، شېرىككە ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھەممە تۈرلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى

www.munber.org

چۈشىنىشتە سەلەفنىڭ پىرىنسىپىنى ئاساس قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ كىشى مۇشۇ ئەقىدىسىنى بىز دەپ ئۆتكەنىدەك ئەقىدە ھەققىدە يازغان رىسالىسىدە ۋە «20 ئاساس» تا بايان قىلغان ئىدى.

ئۇ كىشى ئىبادەت قىلىشتا بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بىدئەتكە قەتئىي يېقىن كەلمەي سۈننەتكە ئەگەشكۈچى كىشى ئىدى. چۈنكى ھەرقانداق بىدئەت گۇمراھلىقتا، ھەر قانداق گۇمراھلىق دوزاخ ئوتىغا ئېلىپ بارىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇ كىشى يەنە نەپسلىرىنى پاكلاش، ئەخلاقلارنى ساپلاشتۇرۇش، يۈرەكنىڭ روھى ئىللەتلىرىنى داۋالاش، نەپسى ـ خاھىشقا قارشى تۇرۇش ۋە شەيتاننىڭ ئىنسان قەلبىگە كىرىۋالىدىغان ئورۇنلىرىنى ئېتىش قاتارلىق ئىشلاردا سۈننەتكە لايىق تەسەۋۋۇفچىدۇركى: پايدىلىق تەرەپلەردىن پايدىلانغۇچى، خاتا تەرەپلىرىنى تەنقىدلەپ سۆزۈپ ئالغۇچىدۇر. ئۇ كىشى شۇ تەسەۋۋۇف قەۋمىنىڭ كىتابلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يوللىرىدىن روھىي تەرەققى قىلدۇرىدىغان، يۈرەكنى پاكلايدىغان، ئاللاھ بىلەن بولغان باغلىنىشنى كۈچەيتىدىغان ۋە بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان تەرەپلەرنى ئۆزى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن قوبۇل قىلاتتى.

ئۇ كىشىنىڭ بۇ مەسىلىلەردە تۇتقان مەيدانى شەيخۇل ئىسلام «ئىبنى تەيمىيە»[1] ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئەللامە «ئىبنى قەييىم»[2]

---

[1] ئىبنى تەيمىيە: ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق دىنى ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىمى ـ ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن ـ ت.

[2] ئىبنى قەييىم جەۋزى: تەيمىيەنىڭ شاگىرتى بولۇپ ئاتاقلىق دىنى ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىمى ـ ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن ـ ت.

www.munber.org

رەھمەتۇللاھى ئەلەيھنىڭ مەيداندىن ئىبارەت يۈكسەك بولغان چوڭ نىشانغا ئوخشايتتى (يەنى: بۇ ئىككى كىشىنىڭ تۇتقان مەيدانى ئىسلام ئالىمدە نىشان ۋە ئۈلگە بولاتتى).

بۇ ئىككى ئالىم «تەسەۋۋۇف» مەسلىكىدىن ئىلمىي ۋە ئەمەلىي شۇنداقلا تەلىم جەھەتلەردە كۆپ پايدىلانغان ۋە بۇ ھەقتە كۆپلەپ رىسالە ۋە كىتابلار يازغان ئىدى. شۇ كىتابلار ئىچىدە ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھنىڭ «تەسەۋۋۇف» ماۋزۇلۇق ۋە يەنە بىرسى «سۇلۇك» (يەنى تەرىقەت يوللىرى) ناملىق ئىككى توم كىتابى بار.

ئىبنى قەييىم ـ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار بولۇپ «الداء والدواء» (ئەددائۇ ۋەددەۋائۇ)[1] ، «طريق الهجرتين» (تەرىيقۇل ھىجرەتەيىن)[2]، «عدة الصابرين و ذخيرة الشاكرين» (ئىدەتۇسسابىرىين ۋە زەخىيرەتۇششاكىرىين)[3] ناملىق كىتابلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى «مدارج السالكين شرح منازل السائرين إلى مقامات إياك نعبد و إياك نستعين»[4] شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مەنازىل» ناملىق رىسالە شەيخۇل ئىسلام «ئىسمائىل ھەرەۋى ھەنبەلىي» تەسنىپ قىلغان ئىخچام ۋە قۇيۇق مەزمۇنغا ئىگە بىر رىسالە بولۇپ ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى شۇ كىتاب

---

[1] كېسەللىك ۋە ئۇنى داۋالاش ـ ت.

[2] ئىككى دۇنيا يولى ـ ت.

[3] سەۋرچان (يەنى يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە چىدامىلىق) بولغۇچىلارغا قىلىنغان ۋەدە ۋە ئاللاھقا شۈكرى قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتتىكى نېئمىتى ـ ت.

[4] «إياك نعبد و إياك نستعين» مەقامىغا ماڭغۇچىلارنىڭ مەرتىبىلىرىنى ئىزاھلاش، توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرى ـ ت.

قارىشىغا كۆپىنچە ۋاقىتتا خىلاپلىق قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «شەيخۇل ئىسلام بىزگە بەكمۇ مەھبۇب كۆرۈنىدۇ، ئەمما ھەقىقەت بىزگە ئۇ زاتتىن بەكراق مەھبۇب كۆرۈنىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىلەر ئىلاھىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان تەربىيىچىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى ئىدى. جانلىق، تىرىك، يۈرەكلىك ئەربابلار ئىدى. پاكىزە روھلارغا ئىگە، ئالىي مەقام ـ يەنى ئاللاھقا ئۇلانغان روھلارغا ئىگە زاتلار ئىدى.

ئىبنى قەييىم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۇستازى ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىدىن نەقىل قىلىدۇ، ئىبنى تەيمىيە ئېيتىدۇ: «مەن بېشىمدىن ئۆتكەن بەزى ۋاقىتلاردا: «ئەگەر جەننەتكە كىرگەنلەر ماڭا ئوخشاش بىر ھالەتتە بولسا بەك ياخشى ھالدا بولغان بولىدۇ» دەپ قالىمەن»[1].

ئىبنى تەيمىيە رەھمۇتۇللاھى ئەلەيھىنى ئۆز زامانىسىدىكى دۈشمەنلەر قەلئەگە سولاپ قويغان ۋاقىتتىمۇ بۇ ئەھۋال ئۇ زاتنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا بولغان ئالاقىسىنى ـ ئىبادىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمىغان ئىدى. ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقىقىي مەھبۇس دەپ يۈرىكى پەرۋەردىگارىدىن توسۇلۇپ قالغان، پەرۋەردىگارىنى تونىيالمىغان ئادەمنى دېيىلىدۇ. ئەسىرگە چۈشتى دەپ نەپسى خاھىشىغا ئەسىر بولۇپ قالغان ئادەمنى دېيىلىدۇ»، ئۇ

---

[1] بۇ سۆز ئۇ زاتنىڭ ئاللاھقا بولغان زار ـ تەزەررۇئىدە، ئىبادىتىدە تازا چۆككەن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان، دۇنيادىن پەقەت ئۈزۈلگەن ھالدا تۇرۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشۋالغىنى ئۈچۈن ئۇزىنى بەخت ھېس قىلىپ دېگەن سۆزى بولسا كېرەك ـ ت.

كىشى يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: «دوستلىرىم ماڭا ئىچىم پۇشقىدەك نېمە ئىش قىلدى؟ ئەگەر ئۇلار مېنى تۈرمىگە سولاپ قويسا مېنى ئوبدان خالىي قويغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مېنى پالىۋەتسە مېنىڭ پالانغىنىم مەن ئۈچۈن ساياھەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مېنىڭ ئۆلۈمۈم شەھىدلىك ئۆلۈم بولىدۇ.»

ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر ۋە دەۋەت مەنزىللىرىنى تەكشۈرۈپ شۇ ھەقتە ئىزدەنگەنلىكىمدىن ماڭا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى: ئۇ كىشى دەسلەپتە سۈپىزىمگە يېقىن ھالدا ئىش باشلىغان، ھاياتى ۋە خىزمىتى سەلەفنىڭ ئەقىدىسىگە يېقىن بەلكى ئۆز ئەينى ھالدا تۈگىگەن. لېكىن ئۇ كىشى تەسەۋۋۇف بىلەن سەلەف ئەقىدىسى ئارىسىدا ھەرگىز قارشىلىق پەيدا قىلماستىن، بەلكى سەلەف ئەقىدىسىدىن ئىبارەت شىرىن تاماقنى تەسەۋۋۇف روھانىيىتى بىلەن يىگەن ۋە تەسەۋۋۇف بۇلاقلىرىنى سەلەفنىڭ ئەقىدىسى بىلەن بەلگىلىگەن. ھەمدە بۇ خىل ئەھۋال ئاز ساندىكىلەرنى ھىسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغان.

www.munber.org

# جەمئىيەتكە نەزەر سېلىش ۋە ئۇنىڭ مۇھىتنى بەلگىلەشتىكى نورماللىقى

ئۇستاز ھەسەنول بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى چۈشەنگەن ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلغان نورماللىق ۋە ئۆلچەملىك بولۇشنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ تەربىيىسىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى: تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان نەزىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسىدۇر. مانا بۇ نەزەر بولسا نورمال ـ ئوتتۇرا ھال قاراشتىكى بۇ جەمئىيەتكە بىپايان ئۈمىد ۋە نۇرغۇن تەرەپلەردىن قاراڭغۇلۇق ياكى گۇڭگالىق پەقەت ئارىلىشىپ قالمايدىغان ساق ـ سالامەت ئەسۋاب بىلەن قارايدۇ.

جەمئىيەت ھازىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى ھەر تەرەپتىن ياخشى، بىزگە پەقەت ھازىر كەمچىلىك قىلىۋاتقىنى پەننى ئىلىم بىلەن «تېخنولوگىيە» ئىلمى. مانا مۇشۇلار بولسا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلار ھەل بولىدۇ، دەپ گەپ تارقىتىۋاتقان ئادەملەر ۋەھىمە قىلغاندەك مۇسۇلمانلىقى خالىس، ئىمانى مۇكەممەل كامىل ئەمەس. شەكسىزكى: ئىسلام دىيارلىرىنىڭ تولىسىدىكى جەمئىيەتلەر ئەقىدە، ئاڭ ـ پىكىر، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە خەتەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ جاپاسىنى تارتىۋاتىدۇ. خاتالىق ـ جىنايەتلەر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر ئورۇنلىشىپ كەتكەن، پاسات ـ بۇزۇقلۇق ئەقىللەرگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئەقىدە ـ چۈشەنچىلەر بىتايىنلىشىپ ئىزتىراپقا چۈشكەن، ئۇ پاسات بۇزۇقلۇق روھلارغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلار ۋە

www.munber.org

ئەمەل ھەرىكەتلەر ئىزتىراپقا چۈشكەن، بۇنداق بۇزۇقلۇقلار قانۇنغا سىغىپ كەتكەن بولۇپ، شۇ تۈپەيلى ئىنتىزام تەرتىپلەر ۋە ئىجرائىي قانۇنلار توختاۋسىزلاشقان، بۇ پاسات ئائىلىگىچە ئومۇملاشقان بولۇپ نەتىجىدە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىگە ئېغىر دەرىجىدە ئىزتىراپلىق يېتىپ خاتىرجەمسىزلەشكەن ۋە ئاخىرىدا تېخى پۈتۈنلەي ھالدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى، سىياسىي ھاياتنىڭ ھەممىسى پاسات بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يولباشچى ـ رەھبەر بولغان ۋە ئىنسانىيەت كارۋىنىنىڭ باشچىسى بولغان ئىسلام ئەللىرىنى دۇنيانىڭ ئاخىرقى قاتارىغا ئاپىرىپ قويغان.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكسىز ھالدا ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىنىڭ ئاساسى بولغان، خاتالىقتىن خالىي بولغان ئىسلام دىنىدىن چۆشىنىش، ئىشىنىش ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش جەھەتلەردە چەتنەپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى.

ئەگەر ئەھۋال بۇنچىلىك دەرىجىدە بولۇپ كەتمىگەن بولسا جەمئىيەتمۇ ئىسلام چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ بىرەلەيدىغان، ئىسلامغا بولغان ئىمانىنى يېڭىلاپ بىرەلەيدىغان، ئىسلامغا باشقىلارنى توغرا باشلىيالايدىغان، ھەممىدە ئىسلامنى تەلەپكە لايىق ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ياخشى تەربىيە ئېلىپ بارالايدىغان يېڭى بىر دەۋەتكە بۇنچىۋالا مۇھتاج بولۇپ كەتەرمىدى؟. . . !!

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى جەمئىيەتتىكى شۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن پاسات، چۈشكۈنلۈك ۋە چەتنەشلەرگە

www.munber.org

قارىماستىن، ھېچبىر كۆندە «بۇ جەمئىيەت جاھىل، كاپىر جەمئىيەت بولۇپ قالدى» دېگەن پىكىرگە كەلمەيتتى. ئۇ ئۇستاز جەمئىيەتنى بەزىدە چۈشكۈنلۈك بىلەن ياكى بۇزۇقلۇق بىلەن ياكى گۇناھ مەئسىيەتكە چۆكۈپ كەتكەنلىك بىلەن ياكى بىدئەتچىلىك بىلەن سۈپەتلىسىمۇ، لېكىن كۇفرى ۋە «مۇرتەدلىك» بىلەن ھەرگىز سۈپەتلىمەيتتى. ئىسلامنىڭ بەلگىلىك نىشانلىرى مۇشۇ جەمئىيەتتە بەرپا بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئىسلامنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى رىئايە قىلىنىپ، ئەجرا قىلىنىپلا تۇرىدىكەن، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پەرۋەردىگارىغا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا بولغان ئىمانلىرىدا چىڭ تۇرىدىكەن، دىنىي تۇيغۇ، دىنىي سېزىم ئۆز ئورنى بولغان يۈرەكلەردە ئورۇنلىشىپلا تۇرىدىكەن ۋە ئىسلام كەلىمىسى خەلقلەرنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بىرىنچى ئامىل بولۇپلا تۇرىدىكەن ئۇنداق جەمئىيەتنى كاپىر ياكى مۇرتەد جەمئىيەت دېيىشكە بولمايدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى مۇسۇلمانلارنى «كاپىر دېيىش»تەك خاتالىقتىن ۋە بۇندىن بۇرۇن «خاۋارىجلار» ئۆزلىرىدىن باشقا مۇسۇلمانلارنى كاپىر دەپ ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھالال ساناپ، ھەتتاكى ئۇ خاۋارىجلار نامىدىن: «بۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ بۇتپەرەسلەرنى تىرىك قويىدۇ» دېگەن گەپلەر بولغان ھالدىكى ھالەتكە ئۇلارنىڭ (يەنى: ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ) چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش ئاساسىدا تەربىيىلەيتتى. ئۇ ئۇستاز يەنە ئۆز ـ ئارا بەس ـ بەستە بىر ـ بىرىنى «كاپىرلىق»قا نىسبەت بېرىشىدىغان، مۇشرىك ۋە مۇرتەدلىك

www.munber.org

بىلەن بىر ـ بىرىگە تۆھمەت قىلىشىدىغان دىنى جامائەتلەرنى ئىنكار قىلاتتى.

ئۇ ئۇستاز «20 ئاساس» نىڭ 2 ـ سىدە ئوچۇق مۇنداق دەيدۇ: «بىز، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، ئومۇمەن تەۋھىدگە ئىشەنگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن ۋە بۇ ئىككى ئىمان (يەنى، ئىشىنىش) نىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلغان، ھەمدە پەرز ئەمەللىرىنى ئادا قىلغان كىشىلەرنى بىرەر پىكىر خاتالىقى ياكى بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ سالغانلىق سەۋەبى بىلەن كاپىر دەپ باھا بەرمەيمىز. لېكىن بىر مۇسۇلمان كۇفرى سۆزنى ئىقرار قىلسا ياكى دىندىن ئوچۇق بىلىنگەن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلسا، ياكى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەتنى، ئايەتلىرى ئاشكارا بولغان ھالدا بىلىپ تۇرۇپ يالغان دېسە، ياكى قۇرئاننى ئەرەب تىلى قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان (يەنى: شۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدىغان تەرىقىدە) تەفسىر قىلسا، ياكى «كۇفرى بولمايدۇ» دەپ ئېيتقىلى ھېچبىر بولمايدىغان ئېھتىمالسىز كۇفرى ئىشتىن بىرەرسىنى قىلسا، ئۇنداق ئادەمنى كاپىر دېيىشكە بولىدۇ.»

ئۇزۇندى بىرى ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ بەزىسى ئادەتلىنىپ قالغان: شەخسلەرنى ۋە جامائەتلەرنى كاپىرلىققا نىسبەت بېرىش ئەھۋالى دىنىي، ئىلمىي ۋە ھەرىكەت خاتالىقىدۇر. مەن بۇ ھەقتە ئاللاھ خالىسا ئايرىم بىر كىتابتا توختىلىپ ئۆتىمەن.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ جەمئىيەتكە بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەش ۋە ئالاقە توغرىسىدا پىرىنسىپ تۇرغۇزۇش

www.munber.org

ھەققىدە ئۇلارنىڭ تەربىيىسى يۇقارقىدەك نورمال نەزەرىيەگە ئىگە. بۇ تەشكىلات جەمئىيەت ئالدىدا باشقا مۇسۇلمان دىيارلىرىدىكى ئىسلاھات دائىرلىرى، يېڭىلىق تەرغىباتچىلىرى «يېڭىلاشتۇرۇش» ياكى «تەرەققى قىلىش» ياكى «غەربلەشتۈرۈش» قاتارلىق ئوخشىمىغان ناملار بىلەن جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىقى ـ يامانلىقى يولىدا ۋە ھالىلى ـ ھارىمى بىلەن بىللە مېڭىشىپ بىرىدىغان، دېمەككى، جەمئىيەت ئالدىدا پۇتونلەي باش ئىگىپ ئىرىپ كىتىدىغان مەيدان تۇتمىدى. ھەم يەنە بۇ تەشكىلات جەمئىيەتكە ئارىلاشمايدىغان، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەن ـ دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە تەكەببۇرلۇق، مۇغەمبەرلىك بىلەن ئۇ جەمئىيەتكە يىراق تۇرۇپ، ئارىلاشماي خىتاب قىلىپ قويىدىغان مەيداندىمۇ بولمىدى. لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تەربىيىسى جەمئىيەتكە ئەھمىيەت بىرىش، جەمئىيەت ھادىسىلىرى بىلەن ياخشى بولسا ياخشى، ناچار بولسا ئىچىنىش بىلەن ـ تەسىر ئېلىش، جەمئىيەتنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ھېس قىلىش ۋە قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى بىلىش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان مەيداندا بولدى ياكى تۇردى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ تەشكىلاتتىكى ھەر بىر مۇسۇلمان بۇرادەر جەمئىيەتنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشال بولىدى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگە ھەسرەت چىكىدۇ ۋە جەمئىيەتكە بەخت كەلتۈرۈش، ئۇنى تۈرلۈك ناكەسلىكلەردىن قۇتقۇزۇش ۋە ھەر تەرەپتىن تۈزەش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. دېمەككى، ئۇ، جەمئىيەتكە نىسبەتەن تەندىكى بىر پارچە ئەزاغا ياكى بىنادىكى بىر پارچە خىشقا ئوخشايدۇ، ھەم ئۇ شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇ.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۆئمىنلەر جەمئىيىتىنى ئاشۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن: «مۆئمىن ـ مۆئمىنگە نىسبەتەن خۇددى بىنانىڭ خىشلىرىغا ئوخشاش بولۇپ بەزىسى بەزىسىنى چىڭىتىدۇ.»

«مۇسۇلمانلار (ئۆز ـ ئارا) بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇشتا، بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشتا خۇددى بىر تەنگە ئوخشايدۇ.»

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ.»

مۇسۇلمان بۇرادەر شۇنىڭدەك ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ۋەتەننى ھەر قانداق ۋە ھەر خىل بۇلاڭچىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ۋە ۋەتەننىڭ ئەزىز مۇستەقىل بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تۇسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق تۇسالغۇلاردىن ئازاد بولۇش يولىدا توختىماي كۆرەش قىلىدۇ.

ئۇستاز شەھىد ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «يېڭى باسقۇچتىكى دەۋىتىمىز» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز مىسىرلىقلار مۇشۇ مۇبارەك ئۇلۇغ جايدا ـ بىز تۇغۇلغان، ئۆسۈپ چوڭ بولغان مۇشۇ زېمىندا ياشىغۇچىلارمىز. مىسىر بولسا ـ ئىمانلىق شەھەر، ئۇ ئىسلامنى ئىسىل ھالدا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئۇنىڭدىن ئۈزۈك ھاسىل قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇ كۆپلىگەن تارىخى دەۋرلەردە ئىسلام ئۈستىدە بولغان تاجاۋۇزچىلىققا زەربە بېرىپ، ئىسلامغا چىن قەلبىدىن كۆيۈپ ئۇنى قوغداپ كەلدى. ئىسلامغا قىممەتلىك نەرسىلىرىنى، سەزگۈ، تۇيغۇ، ھېس، ۋىجدانلىرىنى، ئىشقىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ھاياتىنى بېغىشلىدى. مىسىر ئىسلام بىلەنلا ھەقىقىي ئىسلاھ قىلىندى. ئىسلامنىڭ

www.munber.org

شىپالىق دورىسى بىلانلا پۈتۈن ئىللەتتىن شىپا تاپىدۇ، ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالانغاندىلا ھەقىقي سالامەتلىككە كىپىل بولغىلى بولىدۇ. كىسسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى: نۇرغۇنلىغان تارىخى جەريانلار، شارائىتلار مىسىرغا ئىسلامىي پىكىر قىلىش، ئىسلامىي پىكىرنى ئالقىشلاپ قارشى ئېلىش ۋاقتىنىڭ يىتىپ كەلگەنلىكىنى، پۈتۈن ھاياتىنى شۇ پىكىر بويىچە تۈرغۈزۈش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىۋاتىدۇ. بىز مىسىر ئۈچۈن بارىمىزچە ئىشلىمەي قانداقمۇ تۇرالايمىز؟ كۈچىمىز يەتكىنىچە مىسىرغا قىلىنغان ھەر تەرەپىلىمە تاجاۋۇزلاردىن ئۇنى مۇداپىئە قىلماي قانداقمۇ تۇرالايمىز؟ بىر ئادەم: « مىسىرغا بولغان ئېتىقاد، ئىخلاس، مۇھەببەت بىلەن ئىسلامنى نىشان قىلغان، ئىسلامىي پىكىر بىلەن نىدا قىلىدىغان ئادەمنىڭ نىشانى پەقەت ماسلاشمايدۇ » دەپ قانداقمۇ ئېيتالايدۇ؟ بىز مۇشۇ سۆيۈملۈك ۋەتەنگە ئىخلاس قىلغۇچىلار، ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەر، ئۇنىڭ ياخشىلىقى يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېسابلايمىز. ھەم ھاياتلا بولىدىكەنمىز مۇشۇنداق تونۇشتا بولىمىز. بىز مىسىردىن ئىبارەت سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش يولىدىكى دەسلەپكى بىرىنچى ھالقا، ئۇ پۈتۈن ئەرەب ۋەتىنىنىڭ بىر قىسمى. مىسىر ئۈچۈن خىزمەت قىلغان چېغىمىزدا ئەرەب ئۈچۈن، شەرق ئۈچۈن، پۈتۈن ئىسلام ئەللىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دىگەن ئېتىقادىمىزدىن قەتئىي قايتمايمىز.»

بىزنىڭ قەدىمى مىسىر تارىخىنى، قەدىمقى مىسىرلىقلار قالدۇرغان مەدەنىيەت ۋە گۈللىنىش ئەسەرلىرىنى ۋە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن مائارىپ، ئىلىم ـ پەنلەردىكى ئالاھىدىلىكىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىز،

www.munber.org

يۇقارقى ئېتىقادىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا زىيان كەلتۈرمەيدۇ. دېمەك: بىز ئىچىدە ئۇلۇغلۇق، ئىززەت، ئىلىم ـ مەرىپەت بار بىر كىتابقا ئوخشايدىغان قەدىمي مىسىر مەدەنىيىتىگە قارشى ئەمەسمىز، ئۇنى ئالقىشلايمىز. ئاللاھ مىسىر خەلقىنى ئىسلام تەلىملىرى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەپ، قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەقلى قارىشىنى يورۇتۇپ، ئىسلام سەۋەبى بىلەن ئۇلۇغلۇق ئۈستىگە شەرەپ ئاتا قىلىپ، بۇتپەرەسلىكنىڭ نىجىس ـ پاسكىنا قىلىقلىرى، شېرىكنىڭ كىرلىرى ۋە جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرى قاتارلىق تارىختىن يالداما بولۇپ قالغان رەزىللىكلەردىن قۇتقۇزۇپ ھەر تەرەپلىمە ياخشىلىغاندىن كېيىن، «مىسىرنى مۇشۇ نەرسە بىلەن بۇيايمىز، مۇشۇ نەرسىگە چاقىرىمىز» دېيىلىۋاتقان ئەمەلىي پىروگراممىلارغا[①] ئوخشاش نەزەرىيەگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قارشى جەڭ قىلىمىز. (ھەسەنۇل بەننانىڭ سۆزى تۈگىدى)

مانا بۇ روشەن ھەم ئادەم قەلبىنى يورۇتقۇچى سۆزلەر ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ دەۋىتى ۋە تەربىيىسىدىكى «نۇرماللىق ۋە ئۆلچەملىك بولۇش» تەرەپلىرىدىن يەنە بىر تەرەپىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك»، «مىللەتچىلىك». . . قاتارلىق مەسىلىلەرگە تۇتقان مەيدانىنى ئايرىم سۆزلەشنى لايىق كۆردۇق.

① ئەمەلىي پروگرامما دېگىنى ـ ئەمەلىيەتتە ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋەزىيي قىلىنىۋاتقان قانۇنلارنى دېمەكچى بولسا كېرەك ـ ت.

www.munber.org

## ھەسەنۇل بەننانىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىشتىكى مەيدانى

ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئۆز دەۋىتىدىكى ـ ئۆز تەشكىلاتىدىكى ئادەملەرگە قوللانغان «نورمال بولۇش» تەربىيىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى: ئۇ كىشىنىڭ ئۆز دەۋىتىنى مەيدانغا چىقارغان چاغدا ئۆز مۇھىتىدا تاشلىنىپ قالغان دەۋەتلەر ۋە باشقا پىكىرلەرگە تۇتقان مەيدانى بولدى. بۇ مەيدان ئۇ كىشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىككە ياكى مىللەتچىلىككە، ياكى ئەرەبچىلىككە، ياكى شەھەرچىلىككە، ياكى دۇنياۋىيلىققا تۇتقان مەيدانىغا ئوخشايدۇ.

دېمەك، ئۇ كىشى يۇقارقىدەك تەرەپلەرگە قايسى بىرىگە بولمىسۇن ـ دەۋەت قىلغۇچىلارغا مۇتلەق خاتا دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۇنى قاتاردىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك مۇتلەق قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئادىتى بويىچە شۇ دەۋەتلەرنى ئىككى تەرەپكە بۆلۈپ، ئىسلام پىكىرلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى، ئۇيغۇن كەلگىنى ئۈچۈن قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام پىكرىگە زىت كەلگەنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

## ۋەتەننى سۆيۈش ئاساسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «دەۋىتىمىز» ناملىق رىسالىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىككە دەۋەت قىلغۇچىلارغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ۋەتەنپەرۋەرلىككە دەۋەت

www.munber.org

قىلغۇچىلار ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن مۇشۇ زېمىننىڭ مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭ دوستلۇقىنى، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاشنى، كۆيۈشنى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مايىل بولۇشنى ئىرادە قىلماقچى بولسا، ياكى ئىرادە قىلغان بولسا بۇ ئىشلار بىر تەرەپتىن ئىنسانلار تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر ئىش. يەنە بىر تەرەپتىن ئىيتقاندا، ئىسلامدا بۇيرۇلغان بىر ئىش. ئۆز ئەقىدىسى، دىنى يولىدا ھەر قانداق نەرسىنى پىدا قىلىدىغان، ھەممىگە مەلۇم بولغان بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارغۇ! ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەردە تۇرۇپ مەككە مۇكەررەمگە ئىشتىياق تارتىپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، كۆزىدىن ياش ئاققۇزغۇدەك تەسىرلىك شېئىر ئوقىغان ئىدى.»

(ئۇ شېئىرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق) مەن مەككە ئەتراپىدىكى چاغلاردا بىر كېچە قونالارمەنمۇ؟ «ئىزخىر»، «جەلىل» دېگەن جايلاردا ئازراق تۇرالارمەنمۇ؟ «مەجىنە» دېگەن جاينىڭ سۇ ئىچىشىغا بىرەر كۈندە كېلەلەرمەنمۇ؟ ماڭا «شامە»، «تۇپەيل» دېگەن جايلار بىر كۆرۈنسە، نېمىدېگەن بەخت ئىدى ـ ھە! (مەككىدىكى جايلارنىڭ نامى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەسىل» دېگەن كىشىدىن مەككىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان چاغدا، مەككىگە ئىشتىياق تارتقانلىقى ئۈچۈن ياش تۆككەن ۋە: «ئى ئەسىل! يۈرەكلەرنى ئارامىدا قوي!» دېگەن ئىدى.

www.munber.org

## ئەركىنلىك ۋە غالىبلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئەگەر ئۇلار «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتۈن كۈچىنى ئىشلىتىپ، ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىدىن قۇتقۇزۇش، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئەۋلادلار قەلبىدە ئۇلۇغلۇق، ئەركىنلىك، ۋە غالىبلىق پرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دېمەكچى ۋە شۇنداق قىلماقچى بولسا، بىز ئۇلار بىلەن بۇ مەسىلىدە بىردەكلىككە ئىگە بىر مەيداندا تۇرىمىز. ئىسلام دىنىمىز بۇ ھەقتە ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا يَعۡلَمُونَ

﴿غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾ (سۈرە مۇنافىقۇن 8 ـ ئايەت)

يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا

﴿ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾ (سۈرە نىسا 141 ـ ئايەت)

www.munber.org

## جەمئىيەتنى (يەنى بىرلىكنى) ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئەگەر ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ئارقىلىق بىر مەملىكەت شەخسلىرى ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى، ئالاقىنى كۈچەيتىشنى ۋە ئۇ مەملىكەت ئادەملىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى يولىدا مۇشۇنداق كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى يولغا قويۇش تەرىپىگە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، بىز بۇ مەسىلىدە ئۇلار بىلەن بىرلىككە ئىگىمىز. بۇنداق ئىتتىپاقلىق ـ بىرلىكنى ئىسلام دىنى زۆرۈر بىر پەرز ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر قېرىنداشلارچە ياشاڭلار» دېگەن ئىدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمۡ لَا يَأۡلُونَكُمۡ خَبَالٗا وَدُّواْ مَا عَنِتُّمۡ قَدۡ بَدَتِ ٱلۡبَغۡضَآءُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَمَا تُخۡفِي صُدُورُهُمۡ أَكۡبَرُۚ قَدۡ بَيَّنَّا لَكُمُ ٱلۡأٓيَٰتِۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡقِلُونَ

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلەردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، چۈشىنىدىغان بولساڭلار سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى

www.munber.org

باياننى قىلدۇق﴾ (سۈرە ئال ئىمران 118 ـ ئايەت)

## ئازادلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئەگەر ئۇلار يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئارقىلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىش ۋە زېمىننى خۇجايىنلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، مانا بۇ ھەرىكەتنى ئىسلام دىنى پەرز قىلدى، مۇسۇلمان فەتىھلەرنى ئەڭ بەرىكەتلىك فەتىھلەرگە، ئەڭ ياخشى گۈللەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يۈزلەندۈردى. بىز بۇ بىر ئايەتتىلا مەزمۇننى ئۇقۇۋالالايمىز:

وَقَـٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ لِلَّهِ ۖ

﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ (سۈرە بەقەر 193 ـ ئايەت). ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغاندىلا ھەقىقي ھايات مەيدانغا كىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر.

## كورۇبھۋازلىقنى ئاساس قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئەگەر ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىش بىلەن خەلقنى ئۆز ـ ئارا سوقۇشتۇرىدىغان، ئاداۋەتلەشتۈرىدىغان، سەت گەپلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە دەشنەم بېرىشتۈرىدىغان، جەڭگە ـ جېدەل قىلىشتۇرىدىغان، ئۆز ـ ئارا ھىيلە ـ مىكىر قىلىدىغان، ئۆز نەپسى ـ خاھىشلىرىغا، غەرەز ـ غايىلىرىغا تۇغرىلاپ تۈزۈۋالغان قانۇن سىياسەتلەرنى دەپ پىرقە ـ

www.munber.org

پىرقە بولۇپ كىتىدىغان ۋە تۈزۈلگەن قانۇنلارنى شەخسىي مەنپەئەتلەرگە تۇغرىلاپ چۈشەندۈرىدىغان بىر نەچچە بۆلەكلەرگە بۆلۈشنى ئىرادە قىلسا، بىز بۇنىڭدا بۇلاردىن ئايرىلىمىز. چۈنكى دۈشمەن بۇنداق بۆلۈنۈشلەرنىڭ ھەنىۋاسىنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. بۆلۈنۈش ئۇتىنى تېخىمۇ يالقۇنلىتىدۇ. ئۇلارنى ھەقىقەتكە قارىتا ئوخشاشمىغان ھالدا بۆلۈپ پارچىلىۋېتىپ، ناھەقكە بىرلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىنى چەكلەپ، بىر ـ بىرىگە قىلىشىدىغان ئۆز ـ ئارا ياردىمىنى قىلغىلى قويماي توسۇپ قويىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلارغا يۇقارقىدەك بۇزۇق مۇناسىۋەتنى قىلىشنى ۋە شۇنداق ئەھۋالنى چۆرىدەشنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنگە ئالدىنىپ گۇرۇھۋاز بولۇپ كەتكەنلەر ئۆز يۇرتىدىن باشقا ھېچ نېمىنى ئويلىمايدىغان ھەقىقەت ئۈستىگە بىرلىشەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مانا بۇ يۇقارقىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ پايدىسىز، پىچەك ۋەتەنپەرۋەرلىك بولۇپ، بۇنىڭدا مەيلى شۇ ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرغۇچىلار بولسۇن، مەيلى باشقىلار بولسۇن، ھېچقايسىسى ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

مانا يۇقارقى سۆزلەردىن سىز بىلەلەيسىزكى: بىز كىشىلەرگە ۋە زېمىنغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، توغرا ياخشى مەنىلەردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرغۇچىلار بىلەن بەلكى ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى بىلەنمۇ بىرگەمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەم بىپايان بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك داۋاسىنىڭ ـ يۇقاردا كۆرسەتكەن بويىچە بولغاندا، ئىسلام تەلىملىرىنىڭ

www.munber.org

بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئىسلامدىن سىرت ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ چەك ـ چېگراسى

بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىق تەرەپ شۇكى: بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك چېگرالىرىنى ئەقىدە بىلەن ئۆلچەيمىز، ئەقىدىنى ھېساب قىلىمىز. ئۇلار بولسا، زېمىن چېگرىسى ۋە جۇغراپىيىلىك چېگرالار ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ ۋە شۇ بويىچە ھېسابلايدۇ.

بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا «لا الـه الا الله محمد رسول الله» دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان دەسسەپ تۇرغان بىر پارچە زېمىن ـ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، مۇقەددەس بىلىش، دوست تۇتۇش، ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقى يولىدا جىھاد قىلىش لازىم.

جۇغراپىيىلىك شارائىت بويىچە، ھەرقايسى تەرەپلەردە، رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىزنىڭ ئائىلىمىز، قېرىنداشلىرىمىز، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشىنى مۇھىم، زۆرۈر بىلىمىز، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسى، ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشى بىلەن ھېس قىلىمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرغۇچىلار پەقەت ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار زېمىندىكى مەلۇم پىكىرلەر بىلەن ئۆلچەنگەن ئۆز دائىرىسىدىكى بىر پارچە زېمىن ئىشىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەمەلىي پەرق: بىرىدە بىر مىللەت ئۆزىنى باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىدە كۈچلەندۈرۈشنى ئويلىغان ۋاقىتتا، ياكى شۇنداق شارائىتتا ئوچۇق

www.munber.org

مەلۇم بولىدۇ.

بىز قايسى رايوْن بولسۇن ـ ھەرقانداق ئىسلامىي رايوْننى زىيانغا سېلىش بەدىلىگە ئۆزىمىزنى كوْچلەندۇرۇشنى پەقەت خالىمايمىز. بۇنداق قىلىشقا رازى ئەمەسمىز. بىز پەقەت ھەممىمىزگە بىر پۈتۈن ھالدا ئوخشاشلا قۇۋۋەت تەلەپ قىلىمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىككە چاقىرغۇچىلار بولسا، بۇنداق قىلىشلارغا پەقەت پەرۋا قىلمايدۇ. مۇشۇنداق تار رامكا پېتى بولغان سەۋەپتىن ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەتلەر يىرىكلىشىپ كوْچ ئاجىزلىشىدۇ. دۈشمەن ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ ئۆز ـ ئارا نىزا ئارقىلىق ئۇلارنى توْگۈتوْپ تاشلايدۇ.

## بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ غايىسى

يۇقاردا سۆزلەپ ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىش مەسىلىسىدىكى چەك ـ چېگرا ۋە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىماسلىق تەرىپى ھەمدە ئىسلامنى ئاساس قىلمىغان ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ پەرقى قاتارلىقلار بىرىنچى مەسىلە. ئىككىنچى مەسىلە شۇكى: ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئازات قىلىش ھەققىدىكى مەقسىدى ناھايىتى ئۇلۇغ مەقسەت. ئۇلار مۇشۇ مەقسەتتىن كېيىن يۇرتلىرىنى كوْچلەندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىسە، ياۋروپالىقلارنىڭ ھازىرقى قىلىۋاتقان ئىشىغا ئوخشاش ماددى تەرەپلەرگىلا ئىشلەيدۇ، خالاس.

ئەمما بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىزكى: مۇسۇلماننىڭ زىممىسىدە بۈيۈك بىر ئامانەت بار، مۇسۇلمان شۇ ئامانەتنى ئادا قىلىش يولىدا

www.munber.org

جىنىنى، قىنىنى ۋە مىلىنى سەرپ قىلىشى كېرەك. ئۇ ئامانەت بولسا: ئىسلام نۇرى ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇستاز بولۇش، ئىسلام بايرىقىنى زېمىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە لەپىلدىتىش، مۇشۇ قىلغان ئىشلىرى ئارقىلىق ئىقتىساد تەلەپ قىلماسلىقى، يۈز ئابروي ئىزدىمەسلىكى كېرەك. ھېچبىر شەخسكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى، بىرەر خەلقنى بولسىمۇ قۇل قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمەسلىكى شەرت. بۇنىڭدا پەقەت يالغۇز ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى ئىزدىگەن بولۇشى، ئاللاھنىڭ دىنى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى بەختلىك قىلىشنى ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ھەممە سۆزدىن ئۈستۈن قىلىشنى مەقسەت قىلىشى لازىم.

مانا بۇ غايە: دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان ۋە تېزلىك، ئېسىل - خىسلەت ۋە پەزىلەت تەرەپلەردە تارىخ تونىغان سەۋىيەدىن ھەم ئېشىپ كەتكەن ئۇلۇغ فەتھلەرگە ئىلگىرىكى ئىلغار كىشىلەرنى (يەنى: سەلەف - سالىھنلەرنى) (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يېتەكلىگەن ئامىلدۇر.

www.munber.org

# كىشىلەرنىڭ ئىسلامى دەۋەتكە تۇتقان مەيدانىنىڭ بىر نەچچە خىل ئىكەنلىكى

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىسلامىي دەۋەتكە قارىتا بىر خىل مەيداندا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ ئۇلارنى مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىيدۇ:

1. دەۋەتكە ئىشەنچ باغلىغان شەخس: ئۇ ـ دەۋەتكە (يەنى: چاقىرىققا) ئىشەندى، ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىغا قىزىقتى ۋە ئۇنىڭدا كۆڭلى قانائەت قىلغۇدەك ياخشىلىقنى كۆردى. بىز بۇنداق ئادەمنى بىزگە چاپسان قوشۇلۇشقا، بىز بىلەن بىرگە ئىشلەشكە چاقىرىمىز. نەتىجىدە مۇجاھىدلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ دەۋەتچىلەرنىڭ ئاۋازى بىر قەدەر كۆتۈرىلىدۇ. ئەمەلسىز ئىماننىڭ مەنىسى بولمايدۇ، ئۆز ئەقىدىسى يولىدا قۇربان بېرەلمەيدىغان، ئەقىدىسىنى ئەمەلىيەتتە چىقىرىش ئۈچۈن ئەقىدىسى ئۇنىڭغا تۈرتكە بولالمايدىغان ئادەمنىڭ قىلغان ئەقىدىسىدە ھېچبىر پايدا يوقتۇر، ھەم ئۇنداق ئەقىدىنى ـ ئەقىدە دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

2. ئىككىلىنىپ قالغان شەخسلەر بولىدۇكى: ئۇلارغا ھەقىقەت يولى روشەن ھالدا بىلىنمىگەن، بىزنىڭ سۆزىمىزدىكى خالىسلىق مەنىسىنى ۋە سۆزىمىزنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار تۇختىلىپ ئىككىلىنىپ قالغان، شۇڭا ئۇنداق كىشىلەرگە ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: «بىزگە قويۇق ئارىلىشىشنى، بىزنى يىراقتىن ـ يېقىندىن كۆزىتىپ بېقىشنى، كىتابلىرىمىزنى

www.munber.org

مۇتائىلە قىلىشنى، مەجلىس ـ يىغىلىشلىرىمىزنى زىيارەت قىلىشنى ۋە قېرىنداشلىرىمىز بىلەن تونۇشۇش ھاسىل قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن. ئاللاھ خالىسا مۇشۇنداق تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇلار چوقۇم بىزگە كۆڭۈل توختىتالايدۇ» دەيدۇ.

3. خىلدىكىلەر. بۇ خىلدىكىلەر مەنپەئەتپەرەس كىشىلەر بولۇپ، بۇنداقلار ئۆزلىرى سەرپ ئەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە دۇنيالىق نەرسىلەردىن بىرەر پايدا كىلىشىنى، ماددى غەنىمەتلەرنىڭ قولغا كىلىشىنى چاغلىيالىغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ مەيلى ۋاقىت، مەيلى بىلىم، مەيلى ئىقتىساد بولسۇن شۇ يولدا ئۆزىنى سەرپ ئېتىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەلبلىرىدىن ئۇنداق تاماخورلۇق كېسىلىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۇلار چوقۇم ئۆلىرى تاما قىلغان نەرسىلەردىن ئاللاھنىڭ قېشىدىكى نېئمەتنىڭ ياخشى، مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يىتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا بار بولغان ئىقتىسادلىرىنى ساخاۋەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئاخىرەتتىكى بېرىدىغان ئەجرىگە يىتىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىدۇ. ئەگەر ئىش ئۇنداق بولماي ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تاماخورلىقىدا قېلىۋەرسە، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ شورى. چۈنكى «ئۆز جېنىم، مېلىم، دۇنيالىقىم، ئاخىرەتلىكىم، ھاياتىم ـ ماماتىم، ھەممە نەرسەمدە ـ دەسلەپ ئاللاھنىڭ ھەققى بار» دەپ ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەمدىن ئاللاھمۇ ھەم بىھاجەتتۇر. شۇنداق ئادەمنىڭ يەنى: ھەممە نەرسىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىيالمىغان، مەنپەئەتدىن كىچەلمىگەن ئادەمنىڭ ئاللاھقا كېرىكى يوق.

www.munber.org

4. بۇ خىلدىكى كىشىلەر بولسا، ئادالەتسىز، ئىنساپسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇنداقلار بىزنىڭ ھەققىمىزدە داۋاملىق يامان گۇمان بىلەن تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ شەك قىلىشلىرى ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئۇنداقلار بىزنى پەقەت قاپقارا كۆزنەك ئەينىكى بىلەنلا كۆرىدۇ، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ھەمىشە شەكلىك، ھەم بىئارام قىلغۇچى تىل بىلەن سۆزلەيدۇ. بۇنداقلار ئۈچۈن، ھەم ئۆزىمىز ئۈچۈن ئاللاھدىن ھىدايەت قىلىشنى تىلەيمىز، بىز ئۇلارنى ھەمىشە ياخشى كۆرىمىز، بىز تەرەپكە قايتىشىنى، دەۋىتىمىزگە قانائەت ھاسىل قىلىپ ئۇنى قوبۇل قىلىشنى داۋاملىق ئارزۇ قىلىمىز، بىزنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پىرىنسىپىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە يول كۆرسىتىپ قىلغان دۇئاسىدۇر: «اللهم اغفر لقومي فانهم لا يعلمون» «ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى كەچۈرگىن، ئۇلار (ھەقىقەتنى) بىلمەيدۇ» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئۆزىگە قارشى چىققانلار ھەققىدە قىلغان ئىدى).

ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇشۇنداق كەڭ ھەم پاك روھ بىلەن، مۇشۇنداق چوڭ يۈرەك بىلەن، مۇشۇنداق ياخشى ئۇسلوب بىلەن جەمئىيەتتىكى ئەتراپىدا تۇرىۋاتقانلارغا قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋىتىگە تۇتقان مەيدانىنى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان مەيدانىنى، توغرا چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىپ بىرەلەيتتى.

بۇ بولسا «نورماللىق» دېگەن سۆز بىلەن ئىبارەت كەلتۈرۈلگەن بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەيدىغان مەيداندۇر.

## قېرىنداشلىق ۋە ئۈلپەت

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەربىيەلىگەن تەربىيە ئاساسلىرىنىڭ

www.munber.org

بىرسى: «ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق»دۇر. ئۇلاردا بۇنداق ئالىيجانابلىقنىڭ بارلىقىغا، تەربىيە ئاساسىنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ غەلىتە ھېس قىلىشىڭىز ھاجەتسىز، چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەشكىلات نامى ـ يەنى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» دېگەن نامنىڭ ئۆزىمۇ بۇ مەنىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ. .ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «قېرىنداشلىق» پرىنسىپىنى بەيئەت ئېلىشتىكى 10 پرىنسىپنىڭ بىرسى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ ئۇستاز «قېرىنداشلىق» دېگەن سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئۆز ـ ئارا قېرىنداشلىق دېگىنىمىز، يۈرەكلەرنىڭ ۋە جانلارنىڭ «ئەقىدە» دېگەن ئالاقە بىلەن ئۆز ـ ئارا كىرىشىپ، باغلىنىپ، بىرىكىپ كېتىشىدىن ئىبارەت. ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئالاقە ئورناتقۇچى نەرسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ۋە ئالىيسى. قېرىنداشلىق ئىماننىڭ ھەمشىرىسى، ئەڭ ئالىي كۈچ قۇۋۋەت ـ بىرلىك كۈچ قۇۋۋىتى، دوستلۇق بولماي بىرلىك بولمايدۇ. يۈرەكنى باشقىلارغا خىيانەت، زىيانكەشلىك قىلىشتىن پاك ساقلاش ئەقەللىي دوستلۇق ھېسابلىنىدۇ. دوستلۇق مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولسا، ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىشتۇر، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِۦ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ

﴿كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾ (سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەت)

سادىق قېرىنداش دېگەن ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆز نەپسىدىن ئەلا

www.munber.org

بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ چوقۇم بىلىدۇكى: ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىكەن، ھەرگىز باشقىلار بىلەن بىرگە تۇرالمايدۇ. قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولمىسىمۇ، يەنە باشقىسى بىلەن بىرگە تۇرىۋېرىدۇ. بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ، ئايرىلغاننى ئېيىق (يەيدۇ).
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ

﴿مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر﴾ (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت) مۇشۇ ئايەتتە كۆرستىلگەندەك بولۇشى ھەر بىر مۆئمىنگە ۋاجىبتۇر.

مەن ھەسەنۇل بەننا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ بىر قېتىم مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم: بىزنىڭ دەۋىتىمىز ئۈچ ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: 1 ـ چوڭقۇر، ئىنچىكە چۈشەنچە. 2 ـ چوڭقۇر ئىمان. 3 ـ مۇستەھكەم دوستلۇق.

ئۇ مەرھۇم ئۇستاز «سەيشەنبىلىك سۆز» دەپ ئاتالغان باش مەركەزدىكى جامائەتكە قىلىدىغان ھەپتىلىك سۆزىدە تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق رىشتىلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرئان ـ ھەدىستىن ۋە سەلەف ـ سالىھىنلەرنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئۆز سۆزىنى دەلىللەپ دوستلۇققا تەرغىب قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن سۆزىنى باشلايتتى. ئۇ ئۇستاز بۇ سۆزىنى «سەيشەنبىلىك مېھرى قوزغىغۇچى» دەپ ئاتايتتى.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ھەرقاندىقى

www.munber.org

بولمىسۇن، قېرىنداشلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ئۆز ـ ئارا باغلاپ تۇرىدىغان، بەكمۇ مۇستەھكەم بولغان ئالاقە مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈۋەندىكى ھەدىسىدە ئىرادە قىلغان مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سۈرەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر مۆئمىن ـ يەنە بىر مۆئمىنگە نىسبەتەن خۇددى بىنانىڭ خىشلىرىغا ئوخشايدۇكى، بەزىسى، بەزىسىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ». دېمەك، ئۇلار ئۆز ـ ئارا دوستلۇقى، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق جەھەتلەردە بىر ئائىلىنىڭ ئوغۇللىرىغا، بەلكى بىر تەندىكى بىر پارچە ئەزالارغا ئوخشاشتۇر. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىر گېزىت مۇخبىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ مۇنداق مەشھۇر بىر سۆزنى دېگەن ئىدى: «ئۇلار بولسا، بىر جامائەدۇركى، ئۇلارنىڭ بىرى ئىسكەندەرىيەدە تۇرۇپ چۈش كۆرسە ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەسۋاندا تۇرغان يەنە بىرى: رحمة الله (يەنى: ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دەيدۇ. بۇلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق تەربىيىسى ـ كىشىلەرنى مىللەتكە ئاساسەن، ياكى ۋەتەنگە ئاساسەن، ياكى تىلغا، ياكى ئىرقى رەڭگە ئاساسەن، ياكى تەبىقىگە ئاساسەن نەچچە تۈرلۈككە بۆلۈۋېتىدىغان پەرقلەرنى ۋە بىرلىشىش يولىدىكى تۈرلۈك تۇسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلىۋەتتى. ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلام نەسەبى دېگەندىن باشقا نەرسە ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇد ئەمەس.»

دەيمەن: دادام يوق مېنىڭ ئىسلامدىن باشقا،

باشقىلار تەمىم يا قەيس بىلەن پەخرى قىلىشسا.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جامائەسىدە ئىنژىنېر بىلەن ئىشچىنى، دوختۇر ۋە تۆمۈرچىنى، ئۇقۇتقۇچى ۋە دېھقاننى، يېزىلىق ـ سەھرالىق

www.munber.org

ۋە شەھەرلىكنى، قىرى ۋە ياشنى . . . ۋە ھەممە تەبىقىدىن كىرىسىز. ئۇلار مۇشۇنداق ھەر تەبىقىدىن بولۇپ تۇرۇپ، جىنسىي، ئىرقىي، نەسەب ۋە تەبىقىلىرى پەرقلىق بولغان بىر ھالدا تۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدا بار بولغان قېرىنداشلىقتىن باشقا نەرسىنى ئۇچرىتالمايسىز. ھەممىدىن كاتتا بولغان ئاللاھ راست ئېيتىدۇ:

إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٌ

﴿بارلىق مۆئمىنلەر (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

قېرىنداشلارنىڭ باش مەركىزى ـ دۇنياۋى ئۇچرىشىش ئورنى ۋە ھەرقانداق جىنسىتىكلەرنى بىرگە پىشۇرۇپ ئېلىشتۇرىدىغان بىر قاچا بولغان ئىدى. بۇ يەردە يىمىرىلمەس تۇتقىدىن ئىبارەت بولغان ئىسلام ئالاقىسى، تەقۋا سۆزى، ئىسلام سۆزى دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

سىز ئۇ جايدا ئەرەبنى، غەيرى ئەرەبنى، ئافرىقىلىقنى، ئاسىيالىقنى، شامىلىقنى، مەغرىبىستانلىقنى، ئاق تەنلىكنى، سېرىق تەنلىكنى، قىزىل تەنلىكنى ئۇچرىتالايسىز. ئۇلار ئوخشىمىغان جايلاردىن كېلىشكەن، نەچچە خىل ئېرىققا ئىگە، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تىللاردا سۆزلىشىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا تېخى ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن، ئۇلار قاتتىق نىزا ۋە دۈشمەنلىك قىلىشىۋاتقان نەچچە دۆلەتلەردىن كېلىشكەن، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى ئۆز ـ

www.munber.org

ئارا دۈشمەن بولغان، ئۇلار شۇنداق يەرلەردىن كىلىشكەن تۇرۇپ بۇ يەردە ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىنداشلارغا ئايلانغان. دۆلەتلىرىنىڭ ئاداۋىتى ئۇلارغا پەقەت تەسىر كۆرسىتەلمەي بىر ئائىلە ئادەملىرىدەك ياشاۋىرىدۇ. ئۇلار ئىسلام بىرلىكىنىڭ ئىشارىتى بولغان « مۇسۇلمان قېرىنداشلار » جامائەسىدە ياشايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسلىدە ئافغان ئىرقىغا، ياكى ئىراق، ياكى ھىندى قاتارلىق باشقا ئىرقلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ، مىسىرلىق قېرىنداشلىرى ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كەتكەنلىرى بار.

مەن شۇ ئۇلۇغ قېرىنداشلىرىم ئارىسىدىن: ئەبدۇللاھ ئەقىل، ھارۇن مۇجەددىدى ۋە مۇھەممەد مۇستاپا ئەئزەمىيلەرنى ئەسلەيمەن.

ئاخىرقى ئىككىسى مىسىرلىق قېرىنداشلىرى بىلەن 1954 ـ يىلى ھەربىي تۈرمىگە قامالغان، ئۇلارمۇ ئۇ يەردە مىسىرلىق دوستلىرى تارتقان، تېتىغان ئازابتىن بەزىسىنى تېتىغان، ئۇلارنىڭ ئىرقىنىڭ باشقا ئىكەنلىكى كۆرۈمسىز، زالىم ناسىرنىڭ زۇلۇمى ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەسقاتمىغان ئىدى.

ماڭا ئاتاقلىق ئىسلام دەۋەتچىسى دوكتۇر مۇستاپا سەئابى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ كىشى كېيىنكى يىللاردا ئۆزىگە يەتكەن پالەچ كىسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ياۋرۇپاغا بارغان، ئۇ بىر شەھەردە ئايرۇپىلاندىن چۈشۈپلا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان نەچچە خىل ئىرقتىكى ياشلارنى كۆرگەن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈيلىگەندىنمۇ ئارتۇق ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ خىزمىتىدە بولغان.

www.munber.org

ئۇ دوكتۇر ئاخىرىدا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى تونىمايمەن، بۇنىڭ ئالدىدا مەن ئۇلارنى ئۇچراتمىغان، ئۇلارغىمۇ ئۇچرىمىغان ئىدىم، لېكىن بۇ ئەقىدە قېرىنداشلىقى، ئىسلامىي دەۋەت ئالاقىسىنىڭ ھوسۇلىدۇر، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن! بۇ قېرىنداشلىق، ئىسلامىي دەۋەت ئالاقىسى مىنى، ئۇلارنى « ئۇزۇن يىللارنىڭ بىرىدىكى ئىشەنچىلىك دوستلىرىم » دېگەن تۇيغۇغا كەلتۇرۇپ قويدى ».

ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق نېئمىتى، ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ دوست بولۇشتىن ئىبارەت دوستلۇق نېئمىتى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاساس قىلىپ بىر ـ بىرىگە چېتىلىش دېگەن بۇ نېئمەتلەر شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئىمان نېئمىتىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاللاھ يولىدا قېرىنداشلىق، دوست بولۇش، دوستلۇق ئورنىتىش، دىنىنى ئاساس قىلىپ ئۆملىشىش ئىمان مېۋىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ مەدىنىدىكى مۆئمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

وَٱذۡكُرُوا نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءً فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنًا

﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ـ ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆز ـ ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار﴾ (سۈرە ئال

www.munber.org

ئىمران 103 ـ ئايەت)

ئاللاھ قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۆئمىنلەرنى ئۆز ـ ئارا قېرىنداش قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن چوڭ بىر ئېھسان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ خىتابەن ئېيتىدۇ:

هُوَ ٱلَّذِىٓ أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِۦ وَبِٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٦٢﴾ وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ ۚ لَوْ أَنفَقْتَ مَا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مَّآ أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّهُۥ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

﴿ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ (سۈرە ئەنفال 62 ـ 63 ئايەت)

بۇ ھاياتلىق ئالەمدە كىشىلەر بىر مۇنچە شەخس ۋە جامائەلەرنى كۆرگەنكى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق، يېقىنلىق، مۇھەببەت ۋە بىرلىك بولغان، لېكىن ئۇ، دۇنيانى دەپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق دوستلۇقلارغا ئەبەدىلىك داۋاملىق نىسىپ بولمىغان. ئۇنداق ئادەملەر بىرەر ماددى ئارزۇنى ياكى ماددىي مەنپەئەتنى دەپ دوستلۇق، مۇھەببەت كۆچىسىدا ئۇچرىشىدۇ، ئۇلار مەقسەت نىشانى بولغان ئارزۇنى ئادا

www.munber.org

قىلىپ مەقسىدىگە يەتسە، ياكى پايدىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇ ئىشتىن قول يىغسا، ياكى ئارزۇ قىلغان نەرسىسىدىن نائۈمىد بولسا شۇ هامان ھەممىسى پارچىلىنىپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى باغلىغان ھالقا ـ يەنى دۇنيا مەنپەئەتى يوقالدى، كۆپىنچە تېخى ئۇنداقلارنىڭ دوستلىقى جەڭگە جېدەل ۋە دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمما ئاللاھ يولىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى يولىدا، ئاللاھ ئۈچۈن بولغان دوستلۇق بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، چۈنكى دوستلۇقنىڭ باغلانغان نىشانى، تۈگۈنى، نوقتىسى بولغان ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ ئەبەدىي باقىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق دوستلۇق باقى بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق بىر سۆز ئوتتۇرىغا چىققان: «ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ھەر قانداق بىر ئىش ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى ۋە سۈرۈلدى. ئاللاھنىڭ غەيرىنى دەپ بولغان ئىش توختىدى ۋە بوغۇلدى.» مانا مۇشۇ قېرىنداشلىق خالىس ـ سەمىمىي دوست بىلەن يالغانچى ـ مەككارنى ئايرىغۇچى، دوستلۇق رىشتىلىرىنى سىنىغۇچى بولغان ئازاب ـ ئۇقۇبەت، قاتتىق سائەتلەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئەسقاتىدىغان ئەڭ قاتتىق ۋە مۇستەھكەم كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ساخاۋەتچى نەرسىدۇر. بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

جاپانىڭ ئۈزىگە تەگرىم ئۈزى مۇكاپات بەرسۇن، ياخشىلىقلارنى،

چۈنكى شۇندىلا ئايرىيالايمەن دوستۇمدىن دۈشمەنلەرنى.

ھەزرىتى ئىمام ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

www.munber.org

كۆپ رەڭگىلىك ئادەمنىڭ دوستلۇقىدا ھەرگىز كۆتمە ياخشىلىق،
شامال بىلەن تەڭ ئىگىلىدۇ ھەر قايىغا، ئەمەس ئۇ مەيدانلىق.
سىخىيدۇر سەندە بولمىسا ئۇنىڭ مالىغا ئەسلا بىر ھاجەت،
مال ـ مۈلكۈڭ يۇقالسا، بىخىللىقتا قىلىدۇ ئۇ قولداشلىق.
ئەجەپ كۆپ ئىكەن دوستۇڭ ئۇلارنى گەر ساناپ كۆرسەڭ،
ئىغىر كۈنلەردە قاراپ باقساڭ، قالۇر بىر نەچچە ساناقلىق.

«مۇسۇلمان قېرىنداشلار»غا كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن نۇرغۇن خاپىلىق، قىيىن ـ قىستاقلار بۇلارنىڭ قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت ئاجايىپ ئېتىقادىدىكى نۇرغۇن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى ئاشكارا قىلدى. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ گۆشلىرىدىن زەھەرلىك قامچىلار تويۇندى، قانلىرىدىن قانغىدەك ئىچتى، ھالبۇكى ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ھېچبىرىنى ئاشكارا قىلىشنى خالىمىدى، ئۇلار گەپ قىلماي شۇك تۇرۇۋېلىشقان، ئۇلارنىڭ شۇك تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ جانلىرىنىڭ ئازاب زىندانلىرىدا تەنلىرىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار سۆز قىلىپ سالسا قېرىنداشلىرىغا كۈلپەت كىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىيناشلارغا رازى بولغان ئىدى.

نۇرغۇنلىرى بەزى قېرىنداشلارنىڭ بالا ـ ۋاقىتلىرى ئاجىز ياكى قىيىنچىلىقى كۆپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارنىڭ مەيدانلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تاقەتتىن سىرت بولغان ئازابنى يۈكلىگەن.

ئىشغالىيەت سىرتىدا بەزىلىرى خاتىرجەم ھالدا تۇرۇپ، ئۇلارغا قېرىنداشلارنىڭ ئىشغالىيەتكە ئۇچراپ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ

www.munber.org

كەتكەنلىكى بەك ئېغىر كىلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا كېڭىشىپ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەلگىلىك ئەۋەتىپ بىرىدىغان ياردىمنى سېلىش ئۈچۈن تور توقۇپ چىققان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز ئائىلە باشلىقنى يوقاتقان، يېتىم قالغان، كەمبەغەل بوپقالغان، ئەزىزلىقتىن كېيىن خار بولۇپ قالغان ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىپ تۇرغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنە جاپا ـ مۇشەققەتكە توغرا قىلغان، لېكىن ئۇلار قېرىنداشلىرىنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۈچرىغان كۈلپەتلەرگە پەرۋا قىلمىغان. دېمەك، سۆيۈنۈش، ئازابلىنىش، سۆزاق قىلىنىش، مەڭگۈلۈك تۇرمىگە سۆلىنىش، ئىش ـ ئەمگەك بىلەن ۋاقىتلىق سۆلىنىش قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى پەقەت بوشىتىۋېتەلمىگەن ئىدى.

يۇقارقىدەك بېسىملار ئۇلاردىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا يەنە شۇنداق ياردەم قىلىشنى توسۇپ قالالمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە بىرسى يەنە بىرسىنىڭ ئەۋلادىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىق، بىر بۇرادەر يەنە بىر بىر بۇرادەرگە «نىمە بولسا بولسۇن» دېيىش مەيدانىغا كەلمىگەن ھەم ئۇلارنىڭ مۇھىتى سىغدۇرمىغان بىر ئىش.

تۇرمە كامىرلىرى ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش ۋە ئۇزىدىن ئۆزگىنى ئەلا بىلىش دېگەن ئۇلۇغ پەزىلەتلەردىن يېزىشقا سەھىپىلەر تار كىلىپ قالىدىغان ئاجايىبلارنى كۆردى. تازا تارچىلىق زامانلاردا يېمەك ـ

www.munber.org

ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر ئىقتىسادلىق بولغان مەھبۇسلارغا كىلىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ نەرسىلەر ئۇنداق كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرغانلارغا ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. ئۇ نەرسىلەردىن گاھىدا ئۆز ئىگىسىگە باشقا بىرىگە تەككەنچىلىكلا تىگەتتى، گاھىدا ھېچنېمە تەگمەيتتى.

بىز يۇقاردا دەپ ئۆتكەن مۇنداق ئالىي روھنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى ۋە بۇنداق قېرىنداشلىق نېئمىتىنى تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلارنىڭ غەيرى بىلەن بىر تۇرمىدە يېتىپ باققانلارلا ئاندىن تونىيالايدۇ.

مەن «ھايكىستىپ» گازارمىسىدىكى چېغىمدا بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن: كوممونىستلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەملەر بىزگە خوشنا تۇراتتى، ئۇلار ئاددى بىر ئىشنى دەپمۇ جىدەللىشىپ قالاتتى.

بىر ئېغىز گەپ قىلسام: ئۇلار ھەر بىرى پەقەت ئۇزى ئۇچۇنلا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسى بىرىگە بىر نەرسە كەلسە ئۇ پەقەت ئۇنىڭلا بولاتتى. ئۇلار سىنتەبىردە ئۇخلايدىغان ياتاقلىرىنى بۆلىشىۋالغان ئىدى. ھەر بىرى ئۇزىگە تەگىمش بولغان جايىنلا كەملەتمەي ئاشۇرىۋەتمەي تازىلايتتى. مۇشۇنداق تۇرۇپ يەنىلا جىدەلخور، ئۆز ـ ئارا جاڭجالچى بولۇپ ئۆتەتتى.

www.munber.org

# خاتىمە

بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچى قەدىرلىك دوستۇم! سىز، يازغۇچى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكىلەرنى «پاك ـ پاكىزە پەرىشتىلەر ياكى گۇناھتىن خالىي پەيغەمبەرلەر» دەيدىكەن دەپ ئويلىماڭ! تەشكىلاتتىكى قېرىنداشلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئىنسان، بەزىدە خاتالىشىدۇ، بەزىدە توغرا قىلىدۇ، بەزى تېيىلىپ كېتىدۇ، بەزىدە رۇس مەردانىلەرچە ماڭىدۇ، ئۇلار ئاللاھ ئۆز كىتابى قۇرئانغا ۋارىس قىلىپ تاللىغان مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ثُمَّ أَوْرَثْنَا الْكِتَابَ الَّذِينَ اصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا ۖ فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِنَفْسِهِ وَمِنْهُمْ مُقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللَّهِ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيرُ

﴿ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر، ئەنە شۇ

www.munber.org

كاتتا مەرھەمەتتۇر﴾ (سۈرە فاتىر 32 ـ ئايەت)

ئەي كىتابخان! مانا سىز يۇقارقى ئايەتنى كۆرگەندىن كېيىن «قېرىنداشلار» ئارىسىدا ئىسلامنىڭ پەقەت نامىنىلا تونۇيدىغان، قۇرئاندىن شەكلىنىلا بىلىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتسىڭىز ھەرگىزمۇ ئەجەبلەنمەڭ! بۇنداق ئەھۋالغا بەزى زامانلاردا، بولۇپمۇ 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شۇ تەشكىلات دەۋتىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ سانىنىڭ بەك زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپىيىپ زىيادىلىشىپ كىتىشى ئىسلامىي بوشۇكتە پىشۇرۇپ تەربىيىلەپ ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈپ كىتەلەيدىغان تەربىيە سەۋىيەسىدىن، شارائىتىدىن ئېشىپ، تەربىيىلەپ كىتەلىگۈدەك چەكلىمدىن ئارتىپ كىتىپ تەربىيىلەپ بولالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن. شۇڭا يىتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تەربىيىلەپ بولالمىغان تەرەپلىرى بار. قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى جامائەتنىڭ تەشكىلاتقا كەلگەن كىشىلەرنى قايتۇرۇشقا مادارى يەتمىگەن ئىدى.

شۇ تەشكىلاتتىكى بەزىلەرنىڭ ماڭغان يولىدا «مۇسۇلمان» غا لايىق بولمىغان سۈپەتلەر تېپىلىپ قېلىشى ئېھتىمال. چۈنكى بۇ تەشكىلات ئۆز رولىنى داۋالاش «شىپاخانىسى» ياكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا «بەك ھېرىسمەن» دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇنىڭغا سۇنۇق، ھەم دوڭغاق «توز بولمەن، رۇست ـ ساق بولمەن» دەپ كىرىدۇ. ھەر قانداق بىر ھەرىكەت گۈللەنگەن ۋە تازا ئىقبال قىلىۋاتقان بىر دەۋردە ئۇنىڭغا تىللىرىدا «ئىشەندۇق» دەيدىغان، ئەمما قەلبلىرى ئىشەنمىگەن، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنىلا

www.munber.org

كۆزلەيدىغان، ئىچى زەھەر، كۆڭلى بۇزۇق تاماخورلاردىن نۇرغۇنىنىڭ كىرىۋالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم، ئۇنداق ئادەملەردىن ھېچبىر دەۋەت سالامەت، خاتىرجەم بولالمىغان ۋە ھېچقانداق بىر جەمئىيەت خالىي بولالمىغان، ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى مەدىنە جەمئىيىتىمۇ ئۇنداقلاردىن خالىي بولالمىغان.

كىمكى، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەركىۋىدىكى جەمئىيەت (يەنى شۇلارنىڭ جامائەسى) «ئەيىب ـ كەمچىلىكلەردىن يۈزدە ـ يۈز پاك ـ پاكىزە ھەم خالىي» دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئۇنى بىز «قېرىنداشلارنى بىلمەيدىكەن، ئەمەلىيەتتىن بىخەۋەر ئىكەن ۋە تارىخنى پەقەت ئۇقمايدىكەن» دەپ ھېسابلايمىز.

دىمەكچى بولغان ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» بىر توپلام ھالدا مۇشۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭ سۈپ ـ سۈزۈك پەرزەنتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ (يەنى شۇنداق كىشىلەرنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ). دىمەككى، ئۇلار ئەقىللىرى ئەركىن، يۈرەكلىرى پاكىزە، روھلىرى ئۈستۈن، ئەخلاقى توغرا، گۈزەل، ماڭغان مەسلىكى خاتادىن خالىي، ئاللاھنىڭ دىنىنى قوغداش روھىغا ئىگە، ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتىدىغان، ئىسلام دىنىنى بۇزۇقلاردىن كۆڭلىيەلەيدىغان، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش، ئۇنىڭ قانۇنىنى ھاكىملىق ئورنىغا چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى رەھبەرلىك، خوجايىنلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلىدىغان بىر ئەۋلاد باتۇر ـ ئەزىمەتلەردۇر.

www.munber.org

*ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ كۈچىگە ـ كۈچ، روھىغا ـ روھ ئاتا قىلغاي! ئامىين! ئامىين!!*

لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ تەربىيە ئۈچۈن ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 50 يىل مابەينىدە قوللىنىۋاتقان ۋاستە ۋە پروگراما، پرىنسىپلىرى نەتىجە كۆرسەتتى ۋە ئۆز مېۋىسىنى ئۈزۈن يىللار مول ـ ھوسۇل بەردى. ئەمما ئۇ پروگراما، پرىنسىپلار ھەققىدە «تەكشۈرۈش ۋە ئۈزۈن تەجرىبە قىلىش» ئاساسىدا قايتا بىر قاراپ چىقىش ۋاقتى كەلدى. چۈنكى «تەكشۈرۈش»، «تەجرىبە» دېگەن گاھىدا نەتىجە بىرىدۇ، گاھىدا بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ ياكى ئۆزگەرتىدۇ.

يىرىم ئەسىر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى ئاددى ئىش ئەمەس. ۋەزىيەتلەر ئۆزگەردى، پىكىرلار يېڭىلاندى، بىزنىڭ مۇھىتىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇھىتىدا نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلاندى.

تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا مۇھىتىدا ھەرقانداق قەدىمىي نەرسە قەدىمىي پېتى (يەنى كونىنىڭ ـ كونا پېتى قېلىشىرىشى) ئەقىلغا سىغىدىغان ئىش ئەمەس. مۇقەددەس، جانىجان، جاندىن ئەزىز دىنىمىز ئىسلام بولسا نىشان ۋە غايىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ ۋە شۇ نىشان غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋاستە بولىدىغان ۋاستە ـ سايمانلارنى تەرەققى قىلىشنى ۋە كۈچلۈك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا نىشان باشتىن ـ ئاخىر بىر، ھەم ئېنىق، يىمىرىلمەس بولۇشى شەرت. ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلەر

www.munber.org

قايسى خىلدا بولسا ـ بولسۇن ئىسلام ئېتىراپلا قىلىدىكەن بولىۋېرىدۇ.

«مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن».

تۈگىدى

www.munber.org